# شنجاڭ ئېنسكلوپېدييلك لۇغتى

(پكر ئېلش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆرنەك)

شنجاڭ ئۇنۋېرستېتى
شنجاڭ ئېنسكلوپېدييلك لۇغتنى تۈزۈش تەھرر ھەيئتى
ئشخانسدن تەييارلاندى

1986 - يل 1 - ئاينڭ 20 - كۈنى



# «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغىتى»نى ئىشلەش توغرىسىدىكى دوكلات

«شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغىتى» شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تۇنجى قېتىم ئىشلىنىۋاتقان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك بىر قامۇس.

ئېنسىكلوپېدىيە يۇنانچە en (ئېن) تولۇق، مۇكەممەل، cyclo (سىكلو) دائىرە، چەمبەر، pedia (پېدىيە) بىلىم، مائارىپ مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، ھەممە بىلىملەر تopلانغان دائىرە دېگەن بولىدۇ. بىلىمنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال ياكى خاس بىرەر يەن ساھەسىدە مەلۇمات بېرىدىغان، سىستېمىلاشتۇرۇلغان لۇغەت شەكلىدىكى ئىلمىي قوللانما ئېنسىكلوپېدىيە دېيىلىدۇ. ئېنسىكلوپېدىيىدە ماتېرىياللار ئادەتتىكى قائىدە بويىچە ئېلىپبە تەرتىپى ياكى تېماتىك تەرتىپ بىلەن بېرىلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا ئېنسىكلوپېدىيە ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى بىلىم ۋە تارىخلىرىنى بايان قىلىدىغان، ھازىرقى زامان يەن- مەدەنىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئالاھىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، ئىلىمنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدىغان مەرىپەت قورالى. ئىلىمنىڭ كېچىكى ۋە كۆۋرۈكى، يەن - تېخنىكىنىڭ پەلەمپىيى، ئىلىمنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ۋاستىسى، بىلىمنىڭ ئاچقۇچى، ئىلىملەرنىڭ خەزىنىسى، جەۋھەرلەر... كىتابىدۇر. شۇڭا ئېنسىكلوپېدىيە «ئىھاتەسىز ئۇنىۋېرسىتېت» دېيىلىدۇ. دېمەك ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ مەزمۇنى كەڭ، بىلىم سىستېمىسى مۇكەممەل، تۆزلىشى ئىلمىي، تېپىپ ئوقۇش قۇلاي بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ياخشى ئۇستازى، پايدىلىق دوستىغا ئايلاندى. مانا بۇلار ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتنىڭ خاراكتېرى ۋە رولىنى ياخشى بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ.

ئېنسىكلوپېدىيە (لۇغەت) ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. مىلادىدىن 1500 يىل بۇرۇن قەدىمكى مىسىردا ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەت يېزىلغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر بار. ئارىستوتىل ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ يىراق دەۋردىكى بىر نامايەندىسى، ئەپلاتوننىڭ شاگىرتلىرىدىن سپېئۇسىپپۇس، پلىنىئۇس، ستوبائىئۇسلارمۇ ئېنسىكلوپېدىستلەر ئىدى. ئىسپان ئىسىدورە VII ئەسىردە «ئورىگىنوم» ناملىق بىر ئېنسىكلوپېدىسىمان ئەسەر يازدى؛ VI ۋە VIII ئەسىرلەر ئارىسىدا سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان ئاماراكوشا (مەڭگۈ خەزىنە) ناملىق ھىند بۈيۈك لۇغىتى، قەدىمكى ئىران سۆزلۈكى «فەرھەنگى پەھلىۋى»، XIV ئەسىردە يېزىلغان ئىبن مۇھەننا سۆزلۈكى... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئەسەرلەردىن ئىبارەت.

ئېلىمىز قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپلا لۇغەتچىلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە. 2000 يىلدىن بېرى جۇڭگودا 400 دىن كۆپرەك چوڭ - كىچىك لۇغەت كىتابلىرى يېزىلدى.

ئۇزۇن تارىختىن بېرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ كېلىۋاتقان تۈركىي قەۋملەرمۇ لۇغەتچىلىك - ئېنسىكلوپېدىيىچىلىك ساھەسىدە دۇنيا ۋە ئېلىمىز مەدەنىيىتىگە ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشۇپ كەلدى. فارابى X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئېنسىكلوپېدىيە خاراكتېرلىك «ئىھسائۇلئۇلۇم ۋە ئەتتەئلىماتۇسسانى»(ئىلىملەرنىڭ ئاخىرقى چېكى ۋە ئىككىنچى تەلىمات) ناملىق ئەسەرنى يازدى. ئىبن سىنا XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «شىفا» ناملىق بىر پەلسەپە ئېنسىكلوپېدىيىسى بىلەن «ئەلقانۇن» ناملىق بىر تىب ئېنسىكلوپېدىيىسى خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىنى يازدى. مەھمۇد قەشقەرى شۇ دەۋرنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى بولغان«دىۋانۇلۇغاتىت تۈرك»نى يازدى. XV ئەسىردە جامالىددىننى تۈركىي «كىتاب بۇلغاتۇل مۇشتاق فى لۇغاتىت تۈرك ۋەل قىپچاق» (سۆيۈپ ئوقۇلىدىغان تۈرك ۋە قىپچاق تىل كىتابى) ناملىق لۇغەت كىتابىنى يازغان ئىدى. بۇ ئەسەرلەرمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتلىرى بولۇپ، دۇنيا ۋە ئېلىمىز مەدەنىيىتىنىڭ قىممەتلىك خەزىنىلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە جۇڭگودا «تۆت خەزىنە قامۇسى» (四库全书) تۈزۈلۈۋاتقان ۋاقىتتا، غەربىي ياۋروپادا فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ھازىرقى زامان تىپىدىكى ئېنسىكلوپېدىيىلەر نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا ئامېرىكا، رۇسىيە، ياپونىيە قاتارلىق 20 نەچچە دۆلەتنىڭ چوڭ ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى ئېنسىكلوپېدىيىلىرى نەشر قىلىندى. بۇ ئېنسىكلوپېدىيىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشتىكى بىلىم تارىخلىرىنى مۇھىمى ھازىرقى زامان پەن-مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىخچام ھال-

دا بايان قىلىپ بەردى. 200 نەچچە يىلدىن بېرى ھەرقايسى ئەللەردە ئىشلەنگەن ئېنسىكلوپېدىيىلەر ئارقىلىق مول تەجرىبىلەر توپلاندى، ئىلىملەرنى ئايرىشتا، تەھرىرلەش ئۇسۇلىدا، رەسىم - خەرىتىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا، ئاچقۇچ ۋە ئىندېكس جەھەتلەردە ئېنسىكلوپېدىيە - لۇغەتلەر بارغانسېرى مۇكەممەللەشتى ۋە ئىلمىيلەشتى.

مەملىكىتىمىزدە 1978 - يىلى گوۋۇيۈەن «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» چىقىرىشنى قارار قىلىپ، مەخسۇس «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» نەشرىياتى تەسىس قىلىپ ئىشقا كىرىشتى. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» جۇڭگو تارىخىدا تۈزۈلگەن ھازىرقى زامان تىپىدىكى تۇنجى ئۇنۋېرسال خاراكتېرلىك خاس ئېنسىكلوپېدىيە بولۇپ ھەممە ئىلىم ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1989 - يىلغىچە 75 توم قىلىپ چىقىرىلىدۇ. ھازىرغىچە توققۇز تومى نەشردىن چىقتى.

ئۇنۋېرسال خاراكتېرلىك ئېنسىكلوپېدىيە بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەت پەن-مەدەنىيىتىنىڭ قىياپىتىگە، سەۋىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ھازىر دۇنيا تېخنىكا ئىنقىلاۋى يېڭى دەۋردە تۇرماقتا، ئىلىمنىڭ ھەممە ساھەلىرى بويىچە بولۇۋاتقان يېڭى ئىجادىيەتلەر، كەشپىياتلار ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى بىلىش، ئالماشتۇرۇش كىشىلەرنىڭ ئاكتۇئال تەلىپى. شۇڭا ئېنسىكلوپېدىيىگە ئوخشاش ھازىرقى زامان ئىلىم - ئاخبارات خەزىنىسىنى قۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر ۋە مۇھىم ھېساپلىنىدۇ.

مانا شۇنداق بىر ئىلمىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياج ئالدىدا شىنجاڭ ئۇنۋېرسىتېتى بۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كۆپ توملۇق «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغىتى» چىقىرىشنى قارار قىلغان ئىدى. ھازىر 10 كىشىلىك تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ئىشخانا تەسىس قىلىندى. مەكتەپ، ۋەسىرتتىن بولۇپ 60 تىن ئارتۇق ھەر ساھەدىكى ئىلمىي خادىملىرىمىز ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتنى يېزىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانماقتا. «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغىتى» ئىسمىغە لايىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، مەملىكىتىمىزگە دائىر مۇھىم بىلىملەرنى، مۇناسىپ ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخ - مەدەنىيىتىگە ئائىت مەزمۇنلارنى، جاھان مەدەنىيىتىدىكى يېڭى تېخنىكا بىلىملەرنى تونۇشتۇرىدۇ. لۇغەتنى يېزىشتا ماركسىزم - لېنىنىزم پىرىنسىپلىرى نەزىرى ئاساس قىلىنىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم تۈپ قائىدىلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىپ، ئىلمىي ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ. 50 تىن ئارتۇق ئىلىم ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغىتىمىزدە ئىجتىمائىي پەننىڭ نىسبىتى 55%، تەبىئىي پەننىڭ نىسبىتى 45% بولىدۇ.

شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغىتى پىلانىمىز بويىچە ھەرتومى 5000 ماددا، تەخمىنەن 800 مىڭ خەتتىن بىر مىليون خەتكىچە (خەنزۇچە خەت ھېساۋىدا) 10 توم ئەتراپىدا بولماقچى. بۇنداق زور بىر ئىلمىي پائالىيەتكە قورقماستىن كىرىشىشىمىزنىڭ سە-

ۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بولسا، ئىككىنچىدىن زىيالى ئىلمىي قوشۇنىمىزنىڭ ياردىمى بار، ئۈچىنچىدىن بۇرۇن توپلانغان تەجرىبىلەر ۋە ئىلمىي ماتېرىياللار بار.

مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ئىشلىنىۋاتقان بۇلۇغەتنى نەشر قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى. بۇمۇ بىزگە زور ئىلھام ۋە مەدەت بولدى.

I توم «ئا. ئە. ب» ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىر يىلغا يېقىن جاپالىق ئىلمىي ئەمگەك نەتىجىسىدە 4000 دىن ئارتۇق ئاتالما يېزىلىپ، كارتىسى ئىشخانىمىزغا كېلىپ بولدى. ھازىر جىددى تەھرىرلەش باسقۇچىدا كېتىۋاتىمىز. خىزمىتىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر ئۆرنەك تەييارلاپ، مۇناسىۋەتلىك يولداشلارغا ئەۋەتتۇق، كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتنىڭ ئىلمىي ۋە سۈپەتلىك بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ۋە تەنقىدلىرىنى سورايمىز. بىز چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە ئاپتونوم رايونلۇق داڭۋېي ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە تايىنىپ بۇ زور ئىلمىي ئىشنى قولغا ئالدۇق. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار، رەھبىرىي يولداشلار ۋە ئىلمىي خادىملىرىمىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەمدە بولۇشنى ۋە ھەر جەھەتتىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغىتى» تەھرىر ھەيئىتى

ۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ توغرا رەھبەرلىكى بولسا، ئىككىنچىدىن زىيالى ئىلمىي قوشۇنىمىزنىڭ ياردىمى بار، ئۈچىنچىدىن ئۇزۇن توپلانغان تەجرىبىلەر ۋە ئىلمىي ماتېرىياللار بار.

مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى ئىشلىنىۋاتقان بۇ لۇغەتنى نەشر قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلدى. بۇمۇ بىزگە زور ئىلھام ۋە مەدەت بولدى.

I توم «ئا. ئە. ب» ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىر يىلغا يېقىن جاپالىق ئىلمىي ئەمگەك نەتىجىسىدە 4000 دىن ئارتۇق ئاتالما يېزىلىپ، كارتىسى ئىشخانىمىزغا كېلىپ بولدى. ھازىر جىددى تەھرىرلەش باسقۇچىدا كېتىۋاتىمىز. خىزمىتىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىر ئۆرنەك تەييارلاپ، مۇناسىۋەتلىك يولداشلارغا ئەۋەتتۇق، كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەتنىڭ ئىلمىي ۋە سۈپەتلىك بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن قىممەتلىك پىكىرلىرىنى ۋە تەنقىدلىرىنى سورايمىز. بىز چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە ئاپتونوم رايونلۇق داڭۋېي ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە تايىنىپ بۇ زور ئىلمىي ئىشنى قولغا ئالدۇق. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار، رەھبىرىي يولداشلار ۋە ئىلمىي خادىملىرىمىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەمدە بولۇشىنى ۋە ھەر جەھەتتىن قوللاپ – قۇۋۋەتلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغىتى» تەھرىر ھەيئىتى

# «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغىتى»نىڭ
# تۈزۈلىشى توغرىسىدا

1. لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن ماددا ـ ئاتالغۇلار ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى بىلەن بېرىلدى.

2. ماددا ـ ئاتالغۇلارنىڭ ئىملاسى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىملا قائىدىسى بويىچە بېرىلدى.

3. ئاتالغۇلارنى ئېلىشتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل ـ يېزىق ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن بېكىتىلگىنى ئۆلچەم قىلىندى.

4. بەزى ئۇزۇن ماددىلار كىچىك ماۋزۇلارغا بۆلۈندى. م: «شىنجاڭ» ماددىسى ئاستىدا«شىنجاڭنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى»، «شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئەھۋالى»... دېگەندەك ماۋزۇلارغا بۆلۈنگىنىگە ئوخشاش.

5. ھەر بىر ماددا ـ ئاتالغۇنى يازغاندا ئۇنىڭ پاكىتلىق، ئىلمىي بولۇشىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىندى.

6. ماددا ـ ئاتالغۇلارنىڭ بىر خىللا ئاتىلىشى بېرىلمەستىن، ئۇنىڭ يەنە ئىككىنچى خىل ئاتىلىشىمۇ بېرىلدى. م: «ئەلفەتتاھ» دېگەن ماددىدا «بۇ خەلق ئارىسىدا ‹توپ ئاتار خوجام› دەپمۇ ئاتىلىدۇ»؛ «بۇرج» ماددىسىنى بەرگەندە «بۇ خەلقئارادا ‹زودىئاك› دېيىلىدۇ»؛ «ۋېنېرا» ماددىسىنى بەرگەندە «بۇ خەلق ئارىسىدا ‹زۆھرە ياكى چولپان› دېيىلىدۇ» دەپ ئەسكەرتىپ قويغانغا ئوخشاش.

7. بىر ماددا ياكى ئاتالغۇ بىر قانچە ئىلىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بولسا، ئۇ I II III رەقەملىرى بىلەن ماددا بېشى قىلىپ بېرىلدى. م: «ئاسسىمىلاتسىيە» سۆزىگە ئوخشاش.

8. بىر ماددا ياكى ئاتالغۇنىڭ مەنىدىشى ئالدىنقى ھەرپتە بېرىلگەن بولسا، كېيىنكى ھەرپلەردە بۇنى ئالاھىدە يېزىپ ئولتۇرماستىن پەقەت «...غا قاراڭ»دەپ ئەسكەرتىلدى.

9. بەزى ماددا ـ ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتىلىشى بېرىلىشتىن تاشقىرى، يەنە خەلقئارادىكى ئاتىلىشى لاتىن يېزىقى بىلەن تىرناق ئىچىدە بېرىلدى. م: ئابدىمىلىك(Ricinus Communis) ئاققۇ (Cygnus) دېگەندەك.

10. تېكىست ئىچىدە ئۆلچەم بىرلىكلىرى قىسقارتىلما سۆز بىلەن بېرىلدى. م: س م (سانتىمېتر)، ك م (كىلومېتر) دېگەندەك. بەزى ئىككىدىن ئارتۇق سۆزدىن تۈزۈلگەن، بىرىككەن سۆزلەرمۇ قىسقارتىلما سۆز بىلەن بېرىلدى. م: ئا ق ش (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى)، ب د ت (بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى) دېگەندەك ياكى ئالدىنقى سۆزى قىسقارتىلىپ، كېيىنكىسى ئەينەن ئېلىندى. م: ئا. تېغى (ئالتاي تېغى)، ئا. دەرياسى (ئاقسۇ دەرياسى) دېگەندەك. ئىسىم، فامىلىسى بىلەن كەلگەن ئىسىملاردا ئىسىم قىسقارتىلىپ، فامىلە ئەينەن يېزىلدى. م: ئە. قاسىمى

(ئەھمەدجان قاسىمى)، ئا. ئاببا سوپ(ئابدۇلكېرىم ئاببا سوپ) دېگەندەك.

11. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئادەم، ھايۋان، ئۆسۈملۈك، ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىق قاتارلىقلارنىڭ رەسىمى، سۈرەتلىرى، شۇنداقلا خەرىتە، بەزىبىر ئىسخېمىلار بېرىلدى.

12. شەخسلەر ئۇنىڭ تەخەللۇسى بىلەن ئەمەس، تولۇق ئىسمى بىلەن بېرىلدى. م: «بېرونى» ئەمەس، «ئەبۇ رەيھان بېرونى»، «ئىبنى سىنا» ئەمەس، «ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا»، «جامى» ئەمەس، «ئابدۇراھمان جامى» دېگەندەك.

13. ئاتالغۇلارنى ئېلىنىشتا شۇ ئاتالغۇنىڭ ئۇيغۇرچىسى بولسا، ئىمكان بار ئۇيغۇرچىسى ئېلىندى. م: «فارماكولوگىيە» ئەمەس، «دورىگەرلىك»، «ئاپتېكا» ئەمەس، «دورىخانا...» دېگەندەك.

14. لۇغەتنىڭ ئىسمىغا مۇناسىپ «شىنجاڭ»نى گەۋدىلەندۈرۈش ئالاھىدە نەزەردە تۇتۇلدى. م: شىنجاڭنىڭ ئېتنىك تەركىبى، تارىخى، تىل - ئەدەبىياتى، سەنئىتى، ئېتنوگرافىيىسى، جۇغراپىيىسى، بىئولوگىيىسى، ئارخېئولوگىيىسى، بىئوگرافىيىسى ... قاتارلىقلار.

## قىسقارتىلما سۆزلەر

1. ئا ق ش — ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى
2. ب د ت — بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى
3. ج خ ج — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
4. ش ئۇ ئا ر — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى
5. س م — سانتىمېتر
6. ك ك م — كۋادرات كىلومېتر
7. ك گ — كىلوگرام
8. ك ل — كىلولىتر
9. ك م — كىلومېتر؛ كۆپ مېتر
10. ك ۋ — كىلوۋات
11. گ — گرام
12. م — مېتر؛ مەسىلەن
13. م ب — مىلاددىن بۇرۇن
14. م ك — مىلاددىن كېيىن
15. م گ — مىللىگرام
16. م م — مىللىمېتر
17 ۋ ب — ۋە باشقىلار

# ئا

**ئا** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ بىرىنچى ھەرپى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋۇش سىستېمىسىدىكى تىل كەينى، كەڭ ۋە لەۋلەشمىگەن ئالاھىدىلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان A فونېمىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھەرپ يېزىقتا ئۈچ خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ: يەككە شەكلى «ئا» ۋە «ا»، قوشۇلىدىغان شەكلى «ا» دىن ئىبارەت. ② «ئا» V — VIII ئەسىرلەردە تۈركىي خەلقلەر قوللانغان ئورخۇن — يېنىسەي يېزىقىدا تۆت خىل شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەن، بۇلار ئالدى - كەينىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەزىدە «ئا»، بەزىدە «ئە» ئوقۇلغان. تېكىست ئىچىدە ئىككىسى قاتىرىسىغا قوللىنىلمىغان. IX — XIV ئەسىرگىچە قوللىنىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا بولسا «ئا» سۆزنىڭ بېشىدا بىر خىل، سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل، سۆزنىڭ ئاخىرىدا بىر خىل قوللىنىلغان. ③ «ئا» ھەرپى يالغۇز تاۋۇش بەلگىسىلا ئەمەس، ئۇ يەنە رەت ۋە تۈرنى بىلدۈرۈشتە قىسقىچە بەلگە سۈپىتىدە «بىرىنچى» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. م: «ئا» سىنىپ، تۆتىنچى «ئا» سىنىپ دېگەندەك. ④ بەزى ئىلىملەردە شەرتلىك بەلگە سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان «A» (م: فىزىكىدا ئامپېر، خىمىيىدە ئارگون ... قاتارلىقلارنىڭ بەلگىسى) مۇ «ئا» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.



ئورخۇن — يېنىسەي يېزىقىدا قوللىنىلغان«ئا»



قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا قوللىنىلغان «ئا»

**ئابدۇخالىق ئۇيغۇر** (1896 — 1932)
ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تالانتلىق شائىر ۋە ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابچى. تۇرپاندا تۇغۇلغان، ئۇ دەسلەپ تۇرپاندا دىنىي مەكتەپتە، كېيىن خەنزۇ مەكتىپىدە ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتىسى ئۇنى قاراشەھەرگە ئاپىرىپ موڭغۇلچە ئوقۇتقان. شائىرنىڭ ئاتىسى سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ئادەم بولغانلىقتىن، ئوغلىنى بىرقانچە قېتىم چەتئەلگە ئېلىپ چىققان. بۇ جەرياندا شائىر شەمەي (سېمىپالاتىنىسكى) شەھرىدە بىر يىلدىن ئارتۇقراق تۇرۇپ رۇس تىلىنى ئۆگەنگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ قىرانىغا يەتكىچە ئەرەب، پارس، خەنزۇ، رۇس ۋە موڭغۇل تىللىرىنى ئۆگىنىۋالغان.

شائىر ئۆسۈپ يېتىلگەن شارائىت، ئۇ ئۆزى كۆرگەن ئىجتىمائىي - تارىخىي ۋەقەلەر، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ئۇنىڭدا خەلق ئازادلىقى، دېموكراتىيە ئىدىيىسىنى پەيدا قىلىپ، ئۇنى ئىنقىلابىي ئىنتىلىش يولىغا ئېلىپ ماڭدى. شائىرنىڭ ئىجادىيىتىمۇ مۇشۇ ئىدىيە زېمىنىدە راۋاج تاپقان.

شائىر ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق ئىستەك ۋە ق

يۇق ئىچكى ھاياجان بىلەن تولغان شېئىرلىرىدا خەلقنى ئويغىنىشقا؛ ئازادلىق، ئەركىنلىك، تەرەققىيات ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا؛ خۇراپاتلىقنى تاشلاپ ھازىرقى زامان پەن - مەدەنىيىتىنى ئىگىلەپ، تەرەققى تاپقان ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا چاقىرىدۇ. ئۇ زالىم ھۆكۈمرانلارنى، مەنپەئەتپەرەس ۋە ساتقۇن روھانىيلارنى پاش قىلىدۇ.



شائىر ئەكسىيەتچى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېنلارنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلابىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 17 كىشىلىك «ئىنقىلابىي ھەيئەت» قۇرۇپ، تۇرپاندا قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىنىدۇ. بۇ ئىش مۇناپىقلار تەرىپىدىن پاش بولۇپ قېلىپ، 1932 - يىل 3 - ئايدا ئىنقىلابىي ھەيئەتنىڭ ھەممە ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە قانخور شىڭ شىسەي تەرىپىدىن چېپىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

## ئابدۇلكېرىم ئابباسوپ (1921 — 1949)

سوۋېتلەر ئىتتىپاقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قاراقول شەھرىدە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئاقساقىلى ھاشىم ئاكا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باللىق دەۋرىنى غۇلجا شەھرىدە ئۆتكۈزىدۇ. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1936 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ سابىق شىنجاڭ ئىنىستىتۇتى قارمىقىدىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپتا ئوقۇغان. شۇ چاغلاردا شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ئىشلار مۇدىرى لىن جىلۇ قاتارلىق كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار زاتلارنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم ھەققەتلىرىنى چۈشىنىپ ئىنقىلاۋىي يولغا ماڭىدۇ. ئوقۇش جەريانىدا ئەكسىيەتچى دائىرىلەر ئۇنىڭ ئىلغار ئىدىيىلەرگە مايىللىقىنى بايقاپ قېلىپ، ئۇنى ئوقۇشتىن توختىتىپ ساۋەن ناھىيىسىگە سۈرگۈن قىلىدۇ. ئۇ ساۋەندە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. 1942 - يىلى غۇلجا شەھرىگە قايتىپ بېرىپ، ئۇ يەردىمۇ قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ئا. ئاببا سوپ ئوقۇش جەريانىدا خەنزۇ تىل - يېزىقىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئۇنى پۇختا ئىگىلەيدۇ. بۇ، ئۇنىڭ ماركسىزىملىق ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە تېخىمۇ زور ياردەم قىلىدۇ. ئا. ئاببا سوپ غۇلجىدا ئىنقىلابىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ شۇ چاغدا غۇلجىدا قۇرۇلغان ئىلغار يەر ئاستى تەشكىلاتى «ئازادلىق جەمىيىتى»گە قاتنىشىدۇ. ئا. ئاببا سوپنىڭ ئىلغار ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى سېزىپ قالغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئۇنى تۇتماقچى بولغاندا، ئۇ شەھەردىن قېچىپ چىقىپ قورغاسنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا بېرىۋالىدۇ ۋە نىلقىدىكى پارتىزانلار بىلەن پائال مۇناسىۋەت باغلايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى 50 — 60 كىشىدىن تەركىپ تاپقان بىر پارتىزانلار ئەترىتىنى قۇرىدۇ. كېيىن پارتىزانلارنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە غۇلجىنى ئازاد قىلىش جېڭىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. غۇلجا شەھىرى گومىنداڭچىلاردىن ئازاد قىلىنىپ 1944 - يىل ئاخىرىدا ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمەت

قۇرۇلغاندا، ئا. ئابباسوپ ئەھمەدجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەتنى تەشكىللەش، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ باياناتىنى تۈزۈپ چىقىش قاتارلىق ئىشلارغا قاتنىشىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىدە ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى، تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى بولىدۇ. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەتتە قۇرۇلغان ئىنقىلابچىل ياشلار تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ھەم بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈم مۇدىرى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1945 - يىل ئىيۇلدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن ئا. ئابباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇنلار بىلەن بىرلىكتە پارتىزانلار ئەترىتىنى باشلاپ تەكرى تېغىدىن ئېشىپ، ئاقسۇ رايونىغا چۈشۈپ باي ناھىيىسى قاتارلىق جايلارنى ئازاد قىلىدۇ.



1946 - يىلى گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن 11 ماددىلىق بىتىمگە ئاساسەن تۈزۈلگەن بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە ئا. ئابباسوپ ھۆكۈمەت ھەيئەت ئەزاسى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. 1947 - يىل يانۋاردا ئۈرۈمچىدە دېموكراتىيە ۋە تىنچلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ھەرىكەتنى يۇقىرى پەللىگە كۆتىرىش ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» (خىپ) قۇرۇلىدۇ. ئا. ئابباسوپ بۇ پارتىيىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلىنىدۇ. 1947 - يىل ئاۋغۇستتا بىتىم بۇزۇلغاندىن كېيىن ئا. ئابباسوپ ئەھمەدجان قاسىمى قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى بىلەن بىللە غۇلجىغا قايتىدۇ. 1948 - يىل 1 - ئاۋغۇستتا غۇلجىدا ئەھمەدجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىكىدە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلىدۇ. ئا. ئابباسوپ مۇشۇ ئىتتىپاقنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىدىن بىرى ۋە ئىتتىپاقنىڭ ئاخبارات بۆلۈم باشلىقى بولىدۇ. «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»دىن ئىبارەت بىرلىككە كەلگەن ئاممىۋى تەشكىلات قۇرۇلغاندىن كېيىن، «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيىسى» تارقىتىلىدۇ. ئا. ئابباسوپ 1949 - يىل ئاۋغۇستتا ئەھمەدجان قاسىمى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا جۇڭگو خەلق مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، ئايروپىلان ھادىسىسىدە قۇربان بولىدۇ.

**ئابدۇلكېرىم ساتۇق بۇغراخان** (901 - 955) قاراخانىلارنىڭ 3 - خاقانى، كۆل بىلگە قادىرخاننىڭ نەۋرىسى، بازىر ئارسلان خاننىڭ ئوغلى. رىۋايەتلەر بويىچە ئا. ساتۇق بۇغراخان سامانىلار دۆلىتىنىڭ شاھزادىلىرىدىن ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ تەشۋىق ۋە تەسىرى بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ، قەشقەردە بىر يوشۇرۇن تەشكىلات قۇرىدۇ، تاغىسى ئېسەن بۇغراقاراخانغا قارشى ئىسيان قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، 926 - يىلى 25 يېشىدا ساتۇق بۇغراخان نامى بىلەن تەختكە چىقىدۇ ۋە ئىسلام

دىنىنى دۆلەتنىڭ رەسمىي دىنى دەپ ئېلان قىلىدۇ. بۇددىست خوتەن ئۇيغۇرلىرى، ئوغراق قەبىلىلىرى ۋە مۇسۇلمان بولمىغان بەگلىكلەر ئا. ساتۇق بۇغراخانغا قارشى ئىسيان قىلىدۇ. ئۇ 29 يىللىق سەلتەنەت دەۋرىدە بۇ ئاسىي بەگلەر ۋە بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن 22 يىل ئۇرۇش قىلىدۇ، 995 - يىلى ۋاپات بولىدۇ. مازارى قەشقەر ئاتۇش مەشھەدتە. ئورنىغا چوڭ ئوغلى بايتاش مۇساخان قاراخانىلار تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئىسيانلارنى باستۇرۇپ، خوتەن خەلقىنى مۇسۇلمان قىلىدۇ.



ئابدۇلكېرىم ساتۇق بۇغراخان

**ئابدىمىلىك** (Ricinus ommunis) بۇ «ئىنەك پىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سۈتلۈك ئوت ئائىلىسىگە مەنسۇپ بىر يىللىق ئىگىز ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك (تروپىك بەلباغ رايونلىرىدا كىچىك دەرەخ بولۇپ ئۆسىدۇ)، يۇمران قىسمىلىرى ئاق پاراشوك بىلەن قاپلانغان، ئالقانسىمان يېرىلغان يو-پۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يېرىقچىلىرى 5 - 11 گىنچە، ئۇچى ئۇچلۇق، گىرۋىكى بىر چىشلىق، بىر تۈپتە ئۆسىدۇ. گۈل تاجىسى يوق، كونۇسسىمان گۈل رېتىمنى هاسىل قىلىدۇ، ئاتىلىق گۈللىرى غولىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدا، ئانىلىق گۈللىرى يۇقۇرى قىسمىدا ئۆسىدۇ. ئانىلىق گۈلىنىڭ گۈل كاسىسى 3 - 5 گىچە يېرىلغان، ئاتىلىقلىرى كۆپ، ئۇرۇقدىنى ئۈچ خانىلىق، هەر بىر خانىسىدا بىر داندىن تۆرەلمە تۈگۈنى بار. غوزا مېۋىسى



شارسىمان، ئۇزۇنلۇقى 1 - 2 س م، ئۇرۇقى سىلىق، چىپار، ئەسلى ماكانى ئافرىقا، دۇنيا-نىڭ نۇرغۇنلىغان مەملىكەتلىرىدە، جۈملىدىن مەملىكىتىمىزنىڭ بارلىق رايونلىرىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ تەركىبىدە 70% گىچە ماي بولۇپ، ئۇ سانائەتتە ئەلا سۈپەتلىك سىلىقلاشتۇرغۇچى ماي سۈپىتىدە، شۇنداقلا سو-پۇن ۋە باسما مايلىرىنى ئىشلەشتە پايدىلىنى-دۇ، ئۇرۇقىداۋە يىلتىز، غول، يوپۇرماقلىرىدا رىتسىن، رىتسىنىن ناملىق ئالكولوئىدلار بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە ۋە چەتئەللەردە سۈرگە دورىسى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

**ئاتۇش سەنىمى** ئاتۇش ئۇيغۇرلىرىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللۇق سەنئەت شەكىللىرىدىن بىرى. ئاتۇش سەنىمى ئاتۇش ئۇسسۇل رىتىمىدىكى خەلق ناخشىلىرى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئاتۇش سەنىمىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ئۇزۇن دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. مۇزىكىلىق تۈزۈلۈشى $\frac{2}{4}$ ئۇرغۇ (ئۇدار) دىن ئىبارەت. ئاتۇش سەنىمى تۆت ئۆزگىرىشلىك ناخشا - ئۇسسۇللۇق ئاھاڭدىن تەركىپ تاپقان. بۇ كۈچلۈك يەرلىك ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئاتۇش سەنىمىنىڭ ئاھاڭ - ئۇسسۇللىرىدا ناھايىتى ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

**ئاچاڭلار** جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، نوپۇسى تەخمىنەن 20،000 دىن كۆپرەك. ئاچاڭلار يۈننەن ئۆلكىسىدىكى دېخۇڭ دەيزۇ - جىڭپو ئاپتونوم ئوبلاستىغا قاراشلىق لۇڭچۈەن ناھىيىسىنىڭ خوسا يېزىسى بىلەن لياڭخې ناھىيىسىدىكى جىداۋ، داچاڭ يېزىلىرىغا ئولتۇراقلاشقان. ئاز بىر قىسمى دېخۇڭ دەيزۇ - جىڭپو ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ لوشى ناھىيىسىدە، باۋشەن ۋىلايىتىنىڭ لۇڭلىڭ ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان. ئاچاڭ تىلى خەنزۇ - زاڭزۇ تىل سىستېمىسى زاڭزۇ - بىرما تىل ئائىلىسىنىڭ يىزۇ تىل تارمىقىغا كىرىدۇ. ئۇلاردا ئاساسەن لياڭخې شېۋىسى بىلەن خوسا شېۋىسى بار، ئاچاڭلار ئۇزۇندىن بېرى خەنزۇلار ۋە دەيزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، بۇ تىللاردىمۇ سۆزلىشەلەيدۇ، خەنزۇ تىل - يېزىقىنى قوللىنىدۇ. ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەت جەھەتلەردە خەنزۇ، دەيزۇ، جىڭپو ۋە بەيزۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئاچاڭلار شال تېرىشقا ماھىر، قول سەنئەت - زىننەت بۇيۇملىرى ئىشلەشتە خېلى مەشھۇر. ئاچاڭلارنىڭ ئەجدادلىرى م ب II ئەسىرلەردە يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى جىنشاجياڭ، لەنشاجياڭ ۋە نۇجياڭ دەرياسى ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان. كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى نۇجياڭ دەرياسى بويلىرىغا كۆچۈپ كەلگەن. تەخمىنەن XIII ئەسىرلەردە لۇڭچۈەننىڭ خوسا دېگەن جايىدا، يەنە بىر قىسمى لياڭخې رايونىدا ماكانلىشىپ قالغان. ئاچاڭلارمۇ سۇ چېچىش بايرىمى ئۆتكۈزىدۇ. ئاچاڭ قىز - يىگىتلىرى بېيىت ئوقۇپ ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاچاڭلار ئېغىز ئەدەبىياتىغا باي.

ئازادلىقتىن كېيىن ئاچاڭلار رايونىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى راۋاجلىنىپ، خەلق تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىمۇ تەرەققى قىلىپ ئاچاڭ پەرزەنتلىرى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

**ئادەم ئاناتومىيىسى** ئادەم تېنىنىڭ شەكلى، تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم بولۇپ، مېدىتسىنا كەسپىنىڭ ئاساسىي پەنلىرىدىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئادەم ئاناتومىيىسى ئوخشاش بولمىغان تەتقىق قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە مۇھىم نۇقتىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئۆز ئىچىدىن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ: ① سىستېمىلىق ئاناتومىيە، بۇنىڭدا ئادەم ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئاساسىي فۇنكسىيىلىرىگە قاراپ ھەرىكەت سىستېمىسى (سۆڭەك، بوغۇم ۋە مۇسكۇللاردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ)، ھەزىم قىلىش سىستېمىسى، نەپەسلىنىش سىستېمىسى، ئاجرىتىپ چىقىرىش سىستېمىسى، كۆپىيىش سىستېمىسى، قان ئايلىنىش سىستېمىسى (بۇ يۈرەك، ئارتېرىيە، ۋېنا تومۇرلىرى ۋە لىمفا سىستېمىسىدىن تۈزۈلىدۇ)، سەزگۈ ئەزالىرى، نېرۋا سىستېمىسى، ئىچكى ئاجراتما سىستېمىسىدىن ئىبارەت توققۇز سىستېمىغا بۆلۈنۈپ تەتقىق قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ سىستېمىلا

تۈزۈلۈشى، شەكلى ۋە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى تەتقىق قىلىنىدۇ. ② يەككە بۆلەكلەر ئاناتومىيىسى، بۇنىڭدا ئادەم تېنىنىڭ بەلگىلىك بىر قىسمىنىڭ (م: باش قىسمى، بويۇن، كۆكرەك، قورساق، دۈمبە، قول، پۇت، داس بوشلۇقى، چات ئارىلىقى قاتارلىق) تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭدىكى ئەزالارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى، باشقا قىسىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەتقىق قىلىنىدۇ. ③ ياش ئاناتومىيىسى، بۇنىڭدا ئىندىۋىد تۇغۇلغاندىن كېيىنكى (بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق ۋە قېرىلىق دەۋرلىرىدىكى) راۋاجلىنىش ۋە ئۆسۈش جەريانلىرى بىلەن ئەزالىرىنىڭ تۈزۈلۈشى قاتارلىقلارنىڭ ياش بويىچە ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرى تەتقىق قىلىنىدۇ. ④ رېنتگېن ئاناتومىيىسى، بۇنىڭدا رېنتگېن نۇرلىرى بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق ئادەم ئەزالىرىنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشى تەتقىق قىلىنىدۇ.

**ئادەم ۋە ھاۋا** دىنىي تەلىماتلار بويىچە، دۇنياغا كەلگەن دەسلەپكى ئىنسان جۈپتى. «تەۋرات»نىڭ قارىشىچە تەڭرى دەسلەپ ئادەمنى، كېيىن ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىپ بىرمۇنچە ھايۋانلارنى ياراتقان، ئادەم ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنى ئۆزىگە تەڭ كۆرمىگەنلىكى ئۈچۈن، تەڭرى ئۇنىڭغا ھەمرا قىلىش مەقسىتىدە، ئادەمنىڭ بىر قوۋۇرغىسىدىن ھاۋانى يارىتىپتۇ. ئادەم جەننەت باغچىسىغا قوغدىغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلىپتۇ. بۇ باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا «ھايات» ۋە «ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى تونۇش» دەرەخلىرى بولۇپ، كېيىنكى دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىش ئادەم ئۈچۈن مەنئى قىلىنىپتۇ. يىلانغا ئەگىشىپ ئاۋۋال ھاۋا، كېيىن ئادەم بۇ مېۋىدىن يەپ قويۇپ، جازالىنىش بىلەن جەننەتتىن قوغلىنىپتۇ. «تەۋرات» نىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان بۇ ماۋزۇ ئەسلىدە ئاسۇر مەنبەلىرىدىن كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەردە بىر خۇدالىق ئىسرائىل دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن شەكىل ئالغان ئىدى. تەۋراتقا كېيىنچە قوشۇلغان كودېكسنىڭ كائىناتنىڭ يارىتىلىشىنى سۆزلەيدىغان قىسمىدا بولسا، ئادەم بىلەن ھاۋا ئەينى بىر ۋاقىتتا يارىتىلغان ۋە باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. ئەسلىدە بابىللىقلارنىڭ كائىناتنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى قاراشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ قاراش، مۇسا پەيغەمبەر دىنىدا ئالاھىدە ئىشلەنگەن. دەسلەپكى خرىستىئان ئىلاھىيەتچىسى پاۋلۇسنىڭ قارىشىچە (I. كورىنتوسلۇقلارغا مەكتۇپ، XV. 45) تەۋراتتا گۇناھ قىلغان بىرىنچى ئادەمدىن پەرقلىق ھالدا ئىككىنچى ئادەم، يەنى ئەيسا ھايات مەنبەسى قىلىپ كۆرسىتىلگەن. دەسلەپكى ئادەم ياشىغان جان بولسا، كېيىنكى ئادەم تىرىلگەن روھ بولۇپ، بىرىنچى ئادەم توپىدىن يارىلىپ، ئىككىنچى ئادەم ئاسماندىن چۈشكەن ئىمىش.

ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان»نىڭ نۇرغۇن سۈرىلىرىدىمۇ ئادەم بىلەن ھاۋا ئۈستىدە توختىلىدۇ (سۈرە III؛ XV؛ XXXVIII). «قۇرئان» نىڭ قارىشىچە توپىدىن يارىتىلغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە روھ بېرىلىدۇ. ئادەمگە سەجدە قىلىشقا چاقىرىلغان مەلەكلەردىن ئىبلىس سەجدە قىلغىلى ئۇنىمىغاچقا، لەنەت قىلىنىدۇ. ئادەم بىلەن ھاۋانى گۇناھقا باشلىغان ۋە جەننەتتىن چىقىرىلىشىغا سەۋەب بولغان ئىبلىس دەپ قارىلىدۇ.

ئادەم بىلەن ھاۋا رىۋايىتى غەرب ۋە شەرق ئەدەبىياتىدا تۈرلۈك شەكىللەردە تەتقىق قىلىنغان.

**ئارخېزوي ئېراسى** گېئولوگىيىلىك يىلنامە ئاتالغۇسى بولۇپ، يەر پوستى تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېراسىدۇر. بۇنىڭدىن 4 مىليارت 600 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 2 مىليارت 500 مىليون يىل بۇرۇن ئاياقلاشقان. بۇ ئېرادا ھاسىل بولغان يەرقاتلاملىرى ئارخېي گۇرۇپپىسى دېيىلىدۇ. بۇ ئېرانىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە باكتېرىيىلەر ۋە تۆۋەن

دەرىجىلىك كۆك يۇسۇنلار كېلىپ چىققان، لېكىن ئىشەنچىلىك قاتىملار خاتىرىسى كۆپ ئەمەس. يەر قاتلاملىرى ئاساسەن مېتامورفىزملاشقان گېنىس، شىفېر ۋە گىرانىت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا مېتال - كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر قاتارلىقلار بار، ئارخېي گۇرۇپپىسىنىڭ يەر قاتلاملىرى ھەر قايسى ماتېرىكلارنىڭ يادرو قىسمىنى ھاسىل قىلغان. مەملىكىتىمىزنىڭ لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى، شەندۇڭ يېرىم ئارىلى ۋە شەنشى ئۆلكىلىرىدە بۇ دەۋر يەر قاتلاملىرىنىڭ ئېچىلمىلىرى كۆپ. تارىم پلاتفورمىسىدا ئارخېي گۇرۇپپىسىنى ئويمانلىقنىڭ چەت ياقىلىرىدىكى ئۇل جىنسلارنىڭ كۆتىرىلگەن قىسىملىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ. شەرقىي شىمال قىسمىدىكى قۇرۇقتاغ رايونىدىمۇ ئارخېي گۇرۇپپىسىنىڭ يەر قاتلاملىرى تارقالغان. بۇ دەۋردە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى «Ar» بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ.

**ئاسمان جىسىملىرى** ئالەم بوشلۇقىدىكى ھەرخىل يورۇتقۇچلارنىڭ ئورتاق نامى. ئاسمان جىسىملىرى قۇياش سىستېمىسىدا قۇياش، سەييارە، ھەمرا، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز (كومېتا)، كىچىك سەييارە قاتارلىقلارنى، سامان يولى سىستېمىسىدا يۇلتۇزلار، يۇلتۇز توپلىرى، تۇمانلىقلار، يۇلتۇز ئارا ماددىلارنى، شۇنىڭدەك بىزنىڭ سامان يولى سىستېمىمىزغا ئوخشايدىغان سامان يولى سىستېمىسىدىن تاشقىرىدىكى يۇلتۇز سىستېمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بويان ئىنفىرا قىزىل نۇرلىرى ۋە رادىئوتېلېسكوپلار ياردىمى بىلەن كۈزىتىشلەر نەتىجىسىدە بايقالغان ئىنفىرا قىزىل نۇرلار مەنبەئى، رادىئو نۇرلىنىش مەنبەئى، رېنتگېن (x) ۋە گامما (r) نۇرلار مەنبەئى قاتارلىقلارمۇ ئاسمان جىسىملىرى قاتارىغا كىرىدۇ. ئاسمان بوشلۇقىدا يەنە يەر سۈنئىي ھەمرالىرى، ئالەم كېمىلىرى، سەييارىلەر ئارا كېمىلەر، بوشلۇق تەجرىبىخانىلىرى قاتارلىق سۈنئىي ئاسمان جىسىملىرىمۇ بار.

**ئاق تاتارلار چۇغاي تاتارلىرى** ياكى ئۆڭگۈتلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاق تاتارلارنىڭ مەنبەسى شاتۇلار (چۆل تۈركلىرى) بولۇپ، شاتۇلار بولسا غەربىي كۆكتۈركلەرنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. مىلادى 582 - يىلى ئورخۇن كۆكتۈرك دۆلىتى ئاجىزلاپ شەرقىي كۆكتۈركلەرگە ۋە غەربىي كۆكتۈركلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەندە، شاتۇلار غەربىي كۆكتۈركلەر بىلەن بىللە غەربكە كۆچتى ۋە بارىكۆلنىڭ غەربىدىكى چوڭ قۇملۇقتا (بۈيەر ھازىر قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقى دېيىلىدۇ) كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار بۇ قۇملۇقتا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن شاتۇ تۈركلىرى دەپ ئاتالغان. شاتۇلار بۇ رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىللەردە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بىلەن ناھايىتى قويۇق مۇناسىۋەتتە بولدى. مىلادى 742 - 756 - يىللىرى جۇڭگودا ئەنلۇشەن، شىسىمىڭ توپىلىڭى بولغاندا، بۇ توپىلاڭنى باستۇرۇشقا ئامالسىز قالغان تاڭ خاندانلىقى ئۇيغۇرلار ۋە شاتۇلاردىن ياردەم تەلەب قىلىپ ئەلچىلەر ئەۋەتىدۇ. ئۇيغۇرلار ۋە شاتۇلار تاڭ خاندانلىقىنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولىدۇ. شاتۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى باشلىقى قۇتۇچ (骨咄支) ئۇيغۇرلارنىڭ مۇئاۋىن تۇتۇقى ئۇنۋانى بىلەن بۇ ھەرىكەتكە قاتنىشىدۇ ۋە ئىسيانىنىڭ باستۇرۇلۇشىدا زور خىزمەت كۆرسىتىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قۇتۇچقا «چوڭ مۇھاپىزەتچى سەنگۈن» ئۇنۋانى بېرىلىدۇ.

شاتۇلار بۇ قۇملۇقتا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان جەرياندا بىرنەچچە قېتىم تۇبۇتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. 808 - يىلىغا كەلگەندە شاتۇلار قۇملۇقنى تاشلاپ ئۆتۈكەن ۋە چۇغايغا كۆچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چۇغاي تاتارلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. موڭغۇللار ھازىرمۇ ئۇلارنى «قاغان تاتار» دەپ ئاتايدۇ. قاغان تاتار «چۇغاي تاتارلىرى» ئۆڭگۈتلەر ئاق تاتارلار دېيىلىدۇ، ئاق تاتارلارنىڭ بۇ چاغدىكى قەبىلە

باشلىقى ئالاقۇش تېكىن بولۇپ، ئۇنىڭ چىڭگىز-
خان بىلەن مۇناسىۋىتى ناھايىتى ياخشى ئى-
دى. ئاق تاتارلار ئۇزۇن مۇددەت خەنزۇلار بى-
لەن قوشنا بولۇپ ئولتۇرغانلىقتىن ئۇلارنىڭ
مەدەنىيىتى خېلى يۇقىرى ئىدى. چىڭگىزخان
غەربىي يۈرۈش قىلغاندا «ئۆڭگۈتلەر» نامى بى-
لەن ئاتالغان ئاق تاتارلار ئۇلارنىڭ يول
باشلىغۇچىلىرى ۋە مەدەنىيەت ئىگىلىرى بولغان
ئىدى. ئۇلار ھازىرقى زامان تاتارلىرىنىڭ
ئەجدادلىرىدۇر.

**ئاقسۇ ۋىلايىتى** ش ئۇ ئا ر نىڭ
مەمۇرىي مەھكىمە رايونلىرىدىن بىرى. تەڭرى
تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى بىلەن تارىم ئويمان-
لىغىنىڭ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان، ئورنى
شەرقىي ئۇزۇنلۇق $78^{0}02^{1}$ بىلەن $84^{0}07^{1}$ ۋە
شىمالىي كەڭلىك $39^{0}30^{1}$ بىلەن $42^{0}40^{1}$ ئارى-
لىغىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقىي بايىنغولىن موڭ-
غۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، غەربىي قىزىل-
سۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن، غەربىي
جەنۇبىي قەشقەر ۋىلايىتى بىلەن تۇتىشىدۇ،
غەربىي شىمالىي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قىرغىزىس-
تان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بىلەن چېگرى-
لىنىدۇ، شىمالىي تەڭرى تېغىنىڭ سۇ بۆلگۈچى
ئارقىلىق ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى بىلەن
تۇتىشىپ تۇرىدۇ، جەنۇبىي مەشھۇر تەكلىماكان
قۇملۇقى ئارقىلىق خوتەن ۋىلايىتى بىلەن بېقى-
شىپ تۇرىدۇ. شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇن-
لۇقى تەخمىنەن 510 ك م، جەنۇبىدىن شىمالى-
غا بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن 350 ك م، ئومۇ-
مىي يەر مەيدانى 132 مىڭ ك م بولۇپ،
پۈتۈن شىنجاڭ يەر مەيدانىنىڭ تەخمىنەن
8.05% نى تەشكىل قىلىدۇ. يېرىنىڭ شىمالىي
ئېگىز، جەنۇبىي پەس، غەربىي شىمالىدىن شەرقىي
جەنۇبقا قاراپ پەسىيىپ بارىدۇ. بوستانلىقلى-
رىنىڭ مەيدانى 12 مىليون مو بولۇپ، ئاسا-
سەن مەزكۇر رايوننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغ
ئالدى تىنما تۈزلەڭلىكلەرگە جايلاشقان. شى-
مالىي ۋە غەربىي شىمالىي قىسمى ئاساسەن تاغ-
لىق رايون بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى
2000 - 4000 م غا بارىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن
ئېگىزلىكى 7435.29 م كېلىدىغان تۆمۈر چوققى-
سى ۋە ئېگىزلىكى 6995 م كېلىدىغان خانتەڭرى
چوققىسى مۇشۇ تاغ رايونىغا جايلاشقان. تاغلىق
رايونلار ئومۇمىي يەر مەيدانىنىڭ 46% نى تەش-
كىل قىلىدۇ. بۇ ئېگىز تاغلارنىڭ ئۈستىدە يىل
بويى قار توپلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ قار - مۇزلار ۋى-
لايەت تەۋەسى ئىچىدىكى ئاساسلىق دەريالار-
نىڭ باشلىنىش مەنبەسى ھېساپلىنىدۇ. ئاساس-
لىق سۇ سىستېمىلىرىدىن ئاقسۇ دەرياسى، ئۆگەن
دەرياسى ۋە تارىم دەرياسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ
ھاۋزىسى بار، بۇلارنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى
10 مىليارت 280 مىليون ك م غا يېتىدۇ.

كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغ قۇرغاق كىلى-
ماتقا كىرىدۇ، كىلىماتىنىڭ قۇرۇقلۇق خاراك-
تېرى كۈچلۈك بولۇپ، ھاۋاسى قۇرغاق، ھۆل -
يېغىنى ئاز، ھورغا ئايلىنىشى كۈچلۈك، ئاپتاپ ۋاقتى
ئۇزۇن، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى
چوڭ، تۆت پەسلى روشەن بولۇشتەك ئالاھىدى-
لىكلەرگە ئىگە. يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېرا-
تۇرىسى 7.6 - 11.5C° ئارىلىغىدا بولۇپ، سوتكى-
لىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 10C° گە
تەڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان ھەرىكەتچان
توپلانما تېمپېراتۇرىسى 3440 — 4330C° كېلى-
دۇ. شىمالىدىكى تاغ رايونىدا يىللىق ھۆل -
يېغىن مىقدارى 200 - 300 مم، ئوتتۇرا ۋە شەر-
قىي قىسمىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە 40 - 60 مم غا
يېتىپ بارىدۇ، قۇملۇقنىڭ ياقىسىدىكى ئارال،
شايارلاردا 37 م م لا كېلىدۇ، جەنۇبىي قىسمى-
دىكى قۇملۇق رايونىدا تېخىمۇ ئاز بولىدۇ.
ۋىلايەتنىڭ گېئولوگىيىلىك شارائىتى
ئەۋزەل، كان بايلىقى مول، كان تۈرلىرى كۆپ
ۋە كەڭ تارقالغان. ھازىرچە ئېنىقلانغانلىرىدىن
كۆمۈر، نېفىت، قارا مېتال، رەڭلىك مېتال، ئاز
ئۇچرايدىغان مېتال، خىمىيەسانائەت خام ئەش-

# ئاقسۇ ۋىلايىتى



ياسى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ۋە باشقا مېتاللوئىدلار بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆمۈر، نېفىت، مىس، قوغۇشۇن، فوسفور، گىپىس، ئاش تۇزى قاتارلىقلارنىڭ زاپىسى بىر قەدەر كۆپ.

ھازىرقى تېرىلغۇ مەيدانى 6 مىليون 423 مىڭ 800 موغا يېتىدۇ.

ئا. ۋىلايىتىنىڭ ئومۇمى ئاھالىسى بىر مىليون 544 مىڭ، ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا خەنزۇ، خۇيزۇ، قىرغىز، رۇس، موڭغۇل، قازاق، مانجۇ، ئۆزبېك، شىبە قاتارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان. ئۇيغۇرلار بىر مىليون 190 مىڭ بولۇپ، ۋىلايەت ئومۇمى ئاھالىسىنىڭ 76.25% نى تەشكىل قىلىدۇ. ۋىلايەتكە كۇچا، شايار، توقسۇ، باي، ئاۋات، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ كونىشەھەر، كەلپىندىن ئىبارەت سەككىز ناھىيە ۋە ئاقسۇ شەھىرى قارايدۇ.

تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى ئەللەردە «ئاقسۇ» كۆپىنچە دەريا نامى بولۇپ قوللىنىلىدۇ. بىر دەريانىڭ ئاساسىي قىسمىدا ئاققان قىسمى ئاقسۇ ياكى ئاق دەريا، سۈنئىي ھالدىكى ئۆستەڭ - ئېرىقلار ئارقىلىق ئېقىتىلىدىغان قىسمى قارا سۇ ياكى قارا دەريا دېيىلىدۇ. قەدىمىي مەنبەلەردىن «ئالدىنقى خەننامە» گە قارىغاندا، مىلادى I ئەسىرلەردە ئاقسۇ، ئونسۇ (温苏)، قۇم دۆلىتى (姑墨国)، سۇڭ خاندانلىقى (مىلادى 420 -، 479 - يىللار) ئەسىرلىرىدە قۇم (姑墨)، تاڭ خاندانلىقى (مىلادى 618 -، 907 - يىللار) دەۋرىدىمۇ قۇم (亟墨) ياكى قۇم ئوبلاستى (姑墨州)، يەنە بەزى مەنبەلەردە بارخان شەھىرى (拨换城)، سانسكرىتچىدا بالۇكا دەپ ئاتىلاتتى. دېگۇيگنېس (Degoignes) تىن باشلاپ تالمىيۇسنىڭ ئاۋزاكىيا (Auzakia) -سى بىلەن ئاقسۇنى بىر شەھەر دەپ قارىغۇچىلار بار. تارىخىي رەشىدى، تارىخىي ھەممىدى ۋە يەرلىك تەزكىرىلەردە ئاقسۇ «ئەردەبىل» دەپمۇ يېزىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خەلق رىۋايەتلىرىدە «زەرقۇم» دەپمۇ ئاتالغان. ئومۇمەن تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتالغان ئاقسۇ شەھىرى 2000 يىلدىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. تارىختىكى مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ شىمالىي تۈگۈنى بولغان «كۇسەن دۆلىتى» مۇ ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بولۇپ، ئۇنىڭ قىزىل ۋە قۇمتۇر مىڭئۆيلىرى نۇقتىلىق قوغداش رايونى ھېسابلىنىدۇ.

ئا. ۋىلايىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇھىم ئاشلىق بازىلىرىنىڭ بىرى، ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئىگىلىگەن مەيدانى پۈتۈن تېرىلغۇ مەيدانىنىڭ 65.7% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئاشلىق زىرائەتلىرى بۇغداي، شال، كۆممە قوناقنى ئاساس قىلىدۇ؛ ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز، قولماق، قىزىلچا، زىرە؛ مايلىق زىرائەتلەردىن قىچا، زىغىر، ئاپتاپپەرەس تېرىلىدۇ. باغۋەنچىلىكمۇ خېلى راۋاجلانغان بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلەيدۇ. پۈتۈن ۋىلايەت تەۋەسىدىكى باغلارنىڭ مەيدانى 100 مىڭ مو بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى باغلار ئومۇمىي مەيدانىنىڭ $\frac{1}{7}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. مېۋىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، سورتى ياخشى، ئۆرۈك، بېھى، ئانار، قەغەز پوستلۇق ياڭاق قاتارلىقلار ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

چارۋىچىلىقى پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ دېھقانچىلىقىدىن قالسىلا يېزا ئىگىلىكىدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چارۋا ماللىرىنىڭ سانى ئۈچ مىليون 443 مىڭ تۇياق بولۇپ، قويچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. چارۋا ماللىرىنىڭ 10% تاغ رايونلىرىدىكى ئوتلاقلاردا، 90% تۈزلەڭلىكلەردىكى ئوتلاقلاردا بېقىلىدۇ.

ئا. ۋىلايىتىدە كۆمۈركان، نېفىتلىك، يېزا ئىگىلىك ماشىنىسازلىقى، خىمىيە سانائىتى، يېمەكلىك سانائىتى، ئېلېكتىر ئېنېرگىيىسى، توقۇمىچىلىق قاتارلىق كان - سانائەت ئورۇنلىرى ۋە شېكەر ئىشلەش، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش، ھاراق ياساش، قەغەزچىلىك، دورا ياساش، گىلەمچىلىك، سېمونت ئىشلەش، مەتبەچىلىك

قاتارلىق زاۋۇت - كارخانىلىرى بار. قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا قاتنىشى خېلى راۋاجلانغان، پۈتۈن ۋىلايەت تەۋەسىدىكى تاشيوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4313 ك م غا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇنلۇقى 909 ك م كېلىدىغان قارامايى ياتقۇزۇلغان ئۆلچەملىك تاشيولى بار. بۇنىڭدىن باشقا ئاقسۇدىن ئۈرۈمچى، كورلا، خوتەن ۋە قەشقەرلەرگە بارىدىغان ھاۋا يولى بار.

مائارىپ ۋە سەھىيە ئىشلىرى جەھەتتە، ۋىلايەت تەۋەسىدە بىر ئالىي مەكتەپ، ئالتە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم، 894 ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ بار، بۇ مەكتەپلەردە 210 مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى ئوقۇيدۇ. داۋالاش ئورۇنلىرى يېزا - كەنتلەرگىچە ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇكەممەلرەك داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ سانى 109 غا يېتىدۇ.

ئا. ۋىلايىتى ئۆزىنىڭ تەبىئىي بايلىقى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودىسىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، ۋىلايەتتىن ئاساسەن گىلەم، قولماق، بوغا مۈڭگۈزى، كۆرپە، ئۇزۇن تالالىق پاختا، قوي تېرىسى، قوي يۇڭى، چۈچۈك بۇيامەلھەمى قاتارلىق تاۋارلار ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

**ئاققۇ:** (Cygnus) قۇشلار سىنىپىنىڭ ئۆردەك ئائىلىسىگە مەنسۇپ بىر ئۇرۇقداش. چوڭ ئاققۇ (Cygnus cygnus) نىڭ ئەركەكلىرىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى 1.5م دىن ئاشىدۇ، چىشىسى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. بويىنى ئۇزۇن، پەرلىرى ئاق، تۇمشۇقىنىڭ ئۇچى قارا، تۈۋى سېرىق. كۆللەر ۋە سازلىقلاردا توپ بولۇپ ياشايدۇ. ئاساسەن سۇ ئۆسۈملۈكلىرى، قۇلۇللار ۋە بېلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئىگىز ۋە تېز ئۇچىدۇ. كۆپىنچە قومۇشلۇقلارغا ئۇۋا سېلىپ، 4 - 6 گىچە تۇخۇم سالىدۇ. چوڭ ئاققۇ ئىنتايىن كەڭ تارقالغان بولۇپ، قىش پەسلىدە مەملىكىتىمىزنىڭ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا قىشلايدۇ، ئەتىياز پەسلىدە موڭغۇلىيە، شىنجاڭ ۋە خېيلوڭجياڭ قاتارلىق رايونلارغا ئۇچۇپ كېلىپ كۆپىيىدۇ. قىزىل تۇمشۇق ئاققۇ (Cygnus olor) نىڭ تۇمشۇقى قىزىل، تۇمشۇقىنىڭ تۈۋىدە بۈرتمىسى بار. يازدا شىنجاڭغىمۇ ئۇچۇپ كېلىدۇ. كىچىك ئاققۇ (Cygnus columbianus) نىڭ تېنى



نىسبەتەن كىچىك بولۇپ، تۇمشۇقى قىسقا بولىدۇ، ياز پەسلىدە شىنجاڭغىمۇ ئۇچۇپ كېلىدۇ. ئاققۇ گۆشىنى يېگىلى بولىدۇ، پەرلىرى ئاق، يەڭگىل ۋە يۇمشاق بولۇپ، يەلپۈگۈچ ۋە مامۇق يوتقان تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئاققۇ مەملىكىتىمىزدە ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

**ئاڭ** ماددا تەرەققىياتى مەلۇم باسقۇچىنىڭ ئەڭ ئالىي مەھسۇلى. ئىنسانلارغا خاس بولغان ئاڭ ھادىسىسى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك ئىككى ئۇقۇمغا ئومۇملىشىدۇ: بىرىنچى، ئاڭ — يۈكسەك دەرىجىدە تاكامۇللاشقان ئالاھىدە ماددا — ئىنسان مېڭىسىنىڭ فۇنكسىيىسى؛ ئىككىنچى، ئاڭ — ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيانىڭ ئىنسان مېڭىسىدىكى سۇبيېكتىپ ئىنكاسى. ئاڭ ئەمگەك ئاساسىدا تىل بىلەن بىللە پەيدا بولغان، شۇڭا ئۇ باشلىنىشتىلا ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى تەپەككۇر ئورگىنى سۈپىتىدە مۇرەككەپ فىزىئولوگىيىلىك، پسىخولوگىيىلىك، فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك جەريانغا ئىگە بولسىمۇ،

لېكىن ئاڭنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى ئەمەس. كىشىلەر ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئارقىلىقلا ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلىدۇ ھەمدە شۇ ئاساستا ئاڭ ھاسىل بولىدۇ.

ئاڭ — تۇيغۇ، ئىدراك، تەسەۋۋۇر قاتارلىق ھېسسىي شەكىلگە ھەمدە ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇر قاتارلىق ئەقلىي شەكىللەرگە ئىگە. ماددىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاڭ ئىككىلەمچى ئورۇندا تۇرىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماددىنى ئىنكاس ئېتىشى پاسسىپ ئەمەس، بەلكى پائالىيەتچاندۇر، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئاڭ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، مەقسەتلىك، پىلانلىق، ئىشانلىق ھالدا ۋە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىدۇ؛ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلگەن توغرا ئاڭ ماددىي دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن زور رول كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە خاتا ئاڭ بولسا تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ، سىنىپىي جەمىيەتتە ئاڭنىڭ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئىنكاس ئەتكەن قىسمى ئومۇمەن ئېيتقاندا سىنىپىيلىككە ئىگە.

كونترول قىلىش، ئۇچۇر بېرىش، ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش قاتارلىق ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ۋۇجۇتقا كەلگەن «سۈنئىي ئەقىلدار» بەزى جەھەتلەردە ھەتتا ئىنسان مېڭىسىنىڭ ئەقىلدارىدىن ئېشىپ كەتسىمۇ، لېكىن بىر پۈتۈنلۈكتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ھامان مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسىنى بېجىرەلمەيدۇ، ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئاڭنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ ئىگىلىيەلمەيدۇ. ئىدېئالىستلار ئاڭنى ماددىغا بېقىنمايدىغان مۇستەقىل كەۋدە، ماددا ئاڭدىن ھاسىل بولغان دېيىشىدۇ. ماركسىزمدىن بۇرۇنقى ماتېرىيالىستلار ئاڭ ئوبيېكتىپ ماددىي رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاڭنىڭ پائالىيەتچان رولىغا سەل قارىغان ئىدى. چاكىنا ماتېرىيالىستلار بولسا ئاڭنى ماددا بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ پۈچەكلەشتۈرۈۋەتتى. پەقەت ماركسىزملىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملا ئاڭنىڭ مەنبەسى، ماھىيىتى ۋە رولى مەسىلىسىنى ئىلمىي يوسۇندا توغرا ھەل قىلدى.

**ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون** دۆلىتىمىز چەتئەل شېركەتلىرى، شەخسلەر، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېندىكى قېرىنداشلارنىڭ مەبلەغ سېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنغان ئالاھىدە رايونلار ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون دېيىلىدۇ. 1979 - يىل 9 - ئايدا گوۋۇيۈەن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شېنجېن، جۇخەي، شەنتۇ ۋە فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شيامېن قاتارلىق جايلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون دەپ ئېلان قىلدى. ئالاھىدە رايون ئىچىدە ھەرخىل كەسپىي تىجارەتلەرنى قىلىش ئۈچۈن كېلىپ مەبلەغ سالغۇچىلار كارخانا ئەسۋاپ - ئۈسكۈنىلىرى، خام ئەشيا، زاپچاسلارنى ئىمپورت قىلىش ۋە مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش، شېركەتلەرنىڭ تاپاۋەت بېجى نىسبىتى، باجنى كېمەيتىپ ئېلىش، كېچىرىم قىلىش، تاشقى پىرېۋود ئاتچوتى ۋە پايدىنى خۇيلاش، يەردىن پايدىلىنىش، چەتئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋە بىللە ئېلىپ كەلگەن خادىملارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ۋە چېگرىدىن كىرىپ - چىقىش رەسمىيەتلىرى جەھەتتە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش شەرتلىرى بىلەن تەمىنلىنىدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلار دۆلىتىمىز قانۇنى يول قويغان دائىرە ئىچىدە ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن تۈرلۈك كەسىپلەر بويىچە تىجارەت قىلالايدۇ. ئۇلارنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن تىجارەت پائالىيىتىنى دۆلىتىمىز قانۇنى قوغدايدۇ. ئېلىمىزنىڭ ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونى بىلەن ئېكسپورت قىلىش، پىششىقلاپ ئىشلەش رايونىنىڭ تىجارەت ئۇسۇلى جەھەتتە ئوخشاپ كېتىدىغان جايلىرى بار،

ئەمما ماھىيەتتە تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئالاھىدە رايون ئىقتىسادىي سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بازار ئىقتىسادىغا تەئەللۇق، ئالاھىدە رايوندىكى چەتئەل كاپىتالى دۆلەت كاپىتالىزىم خاراكتېرىگە ئىگە.

**ئالەم تۇمانى** يۇلتۇزلار ئارا پايانسىز كەتكەن بوشلۇق، شۇنىڭدەك گالاكتىكا قايناملىرىنىڭ تارماق يەلكىلىرىدە ناھايىتى چوڭ ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرغان تۇمانلار ئالەم تۇمانى دېيىلىدۇ. ئا. تۇمانلىرىنىڭ سىرى تېخى ئېنىق ئەمەس. ئا. تۇمانلىرى ئۆزىدىن يورۇقلۇق چىقارمايدۇ، يېقىن ئەتراپىدىكى يۇلتۇزنىڭ نۇرىنى قايتۇرىدۇ. بەزىدە بۇ تۇمانلار تۇتۇق بولمىغاچقا يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلىرىنى توساپ قالىدۇ. ئا. تۇماننىڭ زىچلىقى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە (يەنى بىر مېتىر كۇبتا پەقەت مىڭدەك ئاتوملا بار) تۆۋەن. بىراق قۇياش ئەتراپىدىكى رايونلاردا بۇ خىل تارقاق تۇمانلار ناھايىتى كۆپ ئورۇن ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئومۇمى ماسسىسىنى پىلانېتلار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولىدۇ.

ئا. تۇمانى كائىناتتىكى بارلىق ماددىلارنىڭ ئىپتىدائىي خام ماتېرىيالىدۇر. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 50 مىليارت يىل ئىلگىرى كائىناتتا يۇلتۇزلار بولماي، ئىنتايىن زور ھىدروگېن تۇمان قاينىمىلا بولغان. بۇ تۇمان قاينىمى ئايلىنىش جەريانىدا ئېغىرلىق كۈچى تەسىرىدە كىچىك توزان ماددا نۇقتىلىرى ئېرىپ بىرىرىگە قوشۇلۇپ بىر قەدەر چوڭ ماسسىغا ئىگە بۆلەكچىلەرنى تەشكىل قىلغان. بۇ بۆلەكچىلەر ئېغىرلىق كۈچى (تارتىشىش كۈچى) تەسىرىدە مەركەزگە تارتىلىپ، مەركىزىي قىسمىدا ئىنتايىن يۇقىرى بېسىم ھاسىل قىلىپ، تېمپېراتۇرىسى كەسكىن ئۆرلەپ، ئاتوم يادرو رېئاكسىيىسى شەرتىنى ھازىرلىغاچقا ھىدروگېن ئاتوملىرى گېلىي ئاتوملىرىغا ئۆزگەرگەن. مانا بۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى يۇلتۇزلار بارلىققا كەلگەن. سامان يولىدىكى يۇلتۇز توپلاملىرى يۇقىرىقىدەك تەرتىپتە بارلىققا كەلگەن. ئاسترونوملارنىڭ پەرەزىچە كائىناتتىكى ئا. تۇمانلىرى يەنە داۋاملىق تۈردە يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى پەيدا قىلماقتا.

**ئالتاي تاغلىرى** ئاسىيادىكى چوڭ تاغ سىستېمىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، جۇڭگو، موڭغۇلىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ زېمىنىغا جايلاشقان، شەرقىي جەنۇبى قىسمى ۋە ئوتتۇرا قىسمىنىڭ شىمال باغرى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىدە، غەربىي شىمالى قىسمى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى تەۋەسىدە تۇرىدۇ، پەقەت ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئانچە كەڭ بولمىغان جەنۇبىي باغرىلا شىنجاڭ دائىرىسىدە بولۇپ، مەيدانى تەخمىنەن 38 مىڭ ك ك م كېلىدۇ. تاغ تىزمىسى غەربىي شىمالدا غەربىي سىبىرىيە تۈزلەڭلىكى (شەرقىي ئۇزۇنلۇق °81) دىن شەرقىي جەنۇپتا گوبىي چۆلى (شەرقىي ئۇزۇنلۇق °106) گىچە سوزۇلغان، تاغنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 2000 ك م دىن ئاشىدۇ. ئا. تاغلىرىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى ئېگىز، شەرقىي جەنۇبى قىسمى پەس كېلىدۇ، يەر ۋەزىيىتى تاغ باغرىدىن سۇ بۆلگۈچكىچە پەلەمپەي شەكلىدە تەدرىجى ئېگىزلەپ بارىدۇ. تاغلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئومۇمەن 3000 م دىن 4000 م كېلىدۇ. غەربىي شىمال قىسمىدا دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4000 م دىن ئاشىدىغان نۇرغۇن ئېگىز چوققىلار بار، بۇنىڭ ئىچىدە بېلۇخا چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 4506 م، خىتۇن (كۈيتۈن) چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 4358 م غا يېتىدۇ، رايونىمىز تەۋەسىدىكى ئەڭ ئېگىز دوستلۇق چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4374 م غا يېتىدۇ.

ئا. تاغلىرى كالىدون ھەرىكىتىدە بارلىققا كەلگەن ئىپتىدائىي تاغلارنىڭ ئاساسىدا، كېيىنكى ھەرىكەتلەردە تولۇق پۈرمىلىنىپ ھازىرقى

ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئوروگرافىيىلىك سخېمىسى




تاغ قىياپىتىنى ھاسىل قىلغان پۈرمىلىك تاغ-
لار بولۇپ، ئاساسەن پالېئوزوي ئېراسىنىڭ تاغ
جىنىسلىرىدىن يەنى سلانېتس،ھاك تاش، قۇم-
تاش ۋە ئاتقىندى جىنسلاردىن تەركىب تاپقان.
شۇنىڭدەك گرانىت، گرانىتسىمان تاغ جىنىسلى-
رى كەڭ تارقالغان، بۇ تاغ جىنىسلىرى كالېدون،
گېرتسىن ھەرىكىتى مەزگىلىدىكى تېكتونىك ھە-
رىكەتلەر نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. كېيىن-
كى پۈرمىلەنگەن تاغلار تاشقى كۈچلەرنىڭ تە-
سىرىدە يېمىرىلىپ يايپاڭلىشىپ كەتكەن. تاغ-
لارنىڭ ھازىرقى قىياپىتى تۆتىنچى دەۋر مۇز-
لۇقى ۋە ئېقىن سۇلارنىڭ ئېروزىيەلىك رولى نە-
تىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. ئا. تاغلىرى تۆتىنچى
دەۋر مۇزلۇقىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ۋە ئۆزىگە
خاس، تىك قىيا، جىلغىلاردىن ئىبارەت ئېگىز
تاغ رېلىفى بىلەن باشقا تاغلىقلاردىن پەرقلى-
نىپ تۇرىدۇ.

ئا. تاغلىرىنىڭ يەر قاتلىمى كونا، گېئو-
لوگىيىلىك تۈزۈلۈشى بىر قەدەر مۇرەككەپ، يەر
ئاستى كان بايلىقى مول. كان بايلىقلىرىدىن
ئاساسەن چىرىمتال، خروم، مىس، ئالتۇن، تۆ-
مۈر، سىماپ، بېرىل، كۆمۈر، ھاك تېشى قاتار-

لىقلار چىقىدۇ، بۇ كانلار يۇقىرىقى پالېئوزوينىڭ ماگماتىزىمى ۋە تېكتونىكىلىق ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

كىلىماتى قۇرۇقلۇق كىلىماتىغا كىرىدۇ، قىش پەسلى ئۇزۇن ھەم سوغاق بولۇپ، يانۋار ئېيىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 28—32C° قا (تاغ ئويمانلىقلىرىدا) بارىدۇ. ياز پەسلى قىسقا ھەم سالقىن كېلىدۇ، ئىيۇل ئېيىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 14 — 16C° قا ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولىدۇ. يەر شەكلىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاساسەن غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ تەدرىجىي ئازىيىپ بارىدۇ. ئا. تاغلىرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى شامالنى تورىدىغان يان باغىرلىرىدا ۋە شەرقىي شىمال قىسمىدىكى تاغ رايونلىرىدا يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 800 - 1200 م م كېلىدۇ، ئايرىم جايلىرىدا 2000م.مغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ رايونلارنىڭ ھۆل - يېغىنى پەسىللەرگە تەكشى تەقسىملەنگەن. شەرقىي جەنۇبى قىسمىدىكى رايونلاردا 200 - 300 م م كېلىدۇ (چۆيا چۆللىكىدە 100 م مغا يېتىدۇ). بۇلاردىن باشقا، ئا. تاغلىرىدا تاغ - جىلغا شامىلى ۋە فېئونلار كۆپ چىقىپ تۇرىدۇ.

ئا. تاغ رايونىنىڭ كىلىماتى سالقىن، ھۆل - يېغىنى كۆپ بولغاچقا، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 3200مدىن يۇقىرى بولغان تاغلىرىدا يىل بويى قار- مۇزلار ساقلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن تاغلىرى ئانچە ئېگىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھازىرقى زامان مۇزلۇقلىرى تەگرى تاغلىرىدىكىدەك ئۇنداق چوڭ كۆلەمدە راۋاجلانمىغان. 1000دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك مۇزلۇقلار بار، بۇ مۇزلۇقلارنىڭ ئومۇمى مەيدانى 800 ك ك م كېلىدۇ. ئا. تاغلىرىنىڭ مول ئاتموسفېرا سۇلىرى ۋە ئېرىگەن قار - مۇز سۇلىرى نۇرغۇنلىغان چوڭ - كىچىك ئېقىنلارغا يىغىلىپ يېنىسەي، ئوب، ئېرتىش، قوبدۇ، ئۆلۈڭگۈر قاتارلىق دەريالارنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئېرتىش ۋە ئۆلۈڭگۈر دەريالىرى ئا. تاغلىرىنىڭ رايونىمىز تەۋەسىدىكى قىسمىدىن باشلىنىدىغان دەريالار بولۇپ، يىللىق ئومۇمى ئېقىن مىقدارى 12 مىليارد ك م غا بارىدۇ.

ئا. تاغلىرى ئۆزىنىڭ كىلىماتى ۋە يەر شەكلى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ، تاغ ئوتلىقى، تاغ ئورمانلىقى ۋە ئېگىز تاغ چىمەنلىقلىرىغا بۆلۈنگەن.

تاغ ئوتلاقلىرى ئا. تاغلىرىنىڭ يان باغىرلىرى، تاغ ئالدى ۋە پەس تاغلىقلارنىڭ چەت رايونلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئېگىزلىكى شىمالدا 500 - 600مغا، جەنۇبتا 1000 - 1500 مغا بارىدۇ. شىمال ۋە غەرب تەرىپىدىكى يان باغىرلىرىدا قارامتۇل تۇپراق يېتىلگەن بولۇپ، ئاساسەن باشاقلىقلار ۋە قوشپەللىلىك ئۆسۈملۈكلەردىن تۈزۈلگەن ئوتلاقلاردىن ئىبارەت. خېلى كۆپ جايلىرى ئوتلاق چاتقاللىرى — قارىغان، تېۋىلغا، ئازغان، ئۇچقات قاتارلىقلار بىلەن قاپلانغان. بىر قەدەر قۇرغاقراق كەلگەن جەنۇبى ئالتاينىڭ يان باغىرلىرىنىڭ تۆۋەن قىسىملىرىدىكى سۇس كاشتان تۇپراقلىق ئوتلاقلىرىدا ئەمەن ۋە تېپچاق ئۇرۇقداشلىرىغا مەنسۇپ ئۆسۈملۈكلەر ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. تاغ ئوتلاقلىرىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە غاجىلغۇچىلاردىن تولۇم چاشقان، ئېتىز چاشقىنى، خومەك، بورسۇقلار بار، قۇشلاردىن ئوتلاق بۈركۈتى، لاچىن، كەكلىك، قىلىۋورغالار بار.

تاغ ئورمان ئۆسۈملۈك يېپىنجىسى ئالتايغا خاس لاندشافت بولۇپ، پۈتۈن ئا. تېغىنىڭ 70% تىنى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمى ئورمان مەيدانى 4 مىليون 740 مىڭ مو كېلىدۇ. ئورمانلىرى كۆپرەك سىبىرىيە فىلورىسىغا كىرىدىغان سىبىرىيە قارىغىيى، سىبىرىيە ئاق قارىغىيى ۋە شەمشادلارنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قېيىن ۋە ئاق تېرەكمۇ ئۆسىدۇ. بۇلار بىرلىشىپ بۈك-باراقسان ياپ - يېشىل «ئورمان دېڭىزى»نى شەكىللەندۈرىدۇ. ئا. تاغلىرىنىڭ غەربى

ۋە شەرقىي شىمال قىسىملىرىنىڭ نەم رايونلىرىدا پودزول تۇپراق بىلەن مۇخلۇق تايگا ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەيدۇ. ئۆزلەشتۈرۈلگەن جايلىرى قېيىن ۋە ئاق تېرەك ئورمانلىرىغا ئالمىشىدۇ. مەركىزى ۋە جەنۇبىي ئالتاي رايونلىرىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق بولۇپ، يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمانلار ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىگىز ئۆسىدىغان چىملىقلار تارقالغان. بۇ رايوننىڭ تىپىك تايگا ھايۋانلىرىدىن قوڭۇر ئېيىق، سىلەيسۈن، سىبىرىيە ئاغمىخىنى، تىيىن، قۇرالاي، مارال ۋە باشقىلار؛ قۇشلاردىن كەرىقۇر، زاغچە، تۆمۈر تۇمشۇق، چىل قاتارلىقلار تارقالغان،

ئا. تاغلىرىنىڭ رايونىمىز تەۋەسىدىكى قىسمىدا دېڭىز يۈزىدىن ئىگىزلىكى 3000م گىچە بولغان تاغ رايونلىرىدا ئوت - چۆپكە باي تەبىئىي ئوتلاقلار بار. بۇ ئوتلاقلار ئاساسەن يازلىق ئوتلاقلار بولۇپ، مەيدانى تەخمىنەن 50 مىليون موغا يېتىدۇ. ھايۋانلىرىدىن ئىگىز تاغ رايونىغا مەنسۇپ بولغان ئالتاي موغىسى، تاغ ئۆچكىسى، قار يىلپىزى، بۇغا قاتارلىقلار بار.

بۇلاردىن باشقا ئا. تاغلىرىدا بىر قانچىلىغان چوڭ - كىچىك تاتلىق سۇلۇق كۆللەر بار، بۇ كۆللەردە بېلىق ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇ كۆللەرنىڭ ئىچىدە ئۆزىگە خاس تەبىئىي شارائىتى بىلەن باشقا تاغ رايونلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تىلىپتىس ۋە قاناس كۆلى تەبىئىي قوغداش رايونلىرى بار.

**ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى** تىلشۇناسلىقتا تارىخىي سېلىشتۇرما ئۇسۇلىغا ئاساسەن گېنېتىكىلىق كلاسسىفىكاتسىيە بويىچە ئايرىپ چىقىلغان بىر تىل سىستېمىسى. بۇ تۈركىي تىللار ئائىلىسى، موڭغۇل تىللىرى ئائىلىسى ۋە مانجۇ - تۇڭگۇس تىللىرى ئائىلىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تىل ئائىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى ئالتايشۇناسلار چاۋشيەن تىلى بىلەن ياپون تىلىنىمۇ مۇشۇ تىل سىستېمىسىغا كىرگۈزىشىدۇ. ئالتاي تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياپون دېڭىزىدىن ئوتتۇرا دېڭىزغىچە، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىن سىبىرگىچە بولغان كەڭ زېمىنگە تارالغان بولۇپ، جخج، مخج، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئافغانىستان، ئىران، ئىراق، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان بىر قانچە ئون مىللەت بولۇپ، تەخمىنەن 80 مىليون نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ سىستېمىدىكى ھەممە تىللارنىڭ يېقىنلىقى ئوخشاش ئەمەس. م: تۈركىي تىللار مانجۇ - تۇڭگۇس تىللىرىغا قارىغاندا موڭغۇل تىللىرىغا يېقىنراق. بۇ تىل سىستېمىسىغا تەۋە تىللار فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گرامماتىكا جەھەتلەردە تۆۋەندىكىدەك ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە: (1) تاۋۇش سىستېمىسى ئاساسەن ئوخشاش؛ (2) بۇ تىللاردا گرامماتىكىلىق جىنىس يوق؛ (3) بۇ تىللاردا ئالد قوشۇمچە بولمايدۇ؛ (4) سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى ۋە تۈرلىنىشى ئارقا قوشۇمچىلار بىلەن بولىدۇ؛ (5) ئىسىملار شەخس كاتېگورىيىسىگە ئىگە؛ (6) پېئىللار گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەرگە باي؛ (7) ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىدىن ئالدىن كېلىدۇ؛ تولدۇرغۇچى خەۋەردىن بۇرۇن كېلىدۇ؛ (8) سان بىلەن ئېنىقلانغان سۆزلەر كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە: ئەزەربەيجان، تۈرك، تۈركمەن، تاتار، باشقۇرت، چۇۋاش، ياقۇت، نوغاي، تۇۋا، خاكاس، قازاق، قىرغىز، قاراقالپاق، قۇمىق، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، گاگائۇز، سالار، شور، قارايىم، قاراچاي-بالقار، سېرىق ئۇيغۇر (يۈگۈر) قاتارلىق تىللار كىرىدۇ. موڭغۇل تىللىرى ئائىلىسىگە: قالقا، بۇريات، ئويرات موڭغۇل تىللىرى كىرىدۇ. مانجۇ-تۇڭگۇس تىللىرى ئائىلىسىگە: ناناي، ئەۋەنكى، مانجۇ، شىبە، داغۇر تىللىرى كىرىدۇ. VII ۋە VIII ئەسىرلەرگە ئائىت رۇنىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر ۋە XII ئەسىرگە تەۋە جۇرجىت



يېزىقىدىكى ئابىدىلەر، شۇنىڭدەك XIII ئەسىرگە تەئەللۇق موڭغۇل يېزىقىدىكى ئابىدىلەر ئالتاي تىللىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىنىڭ دەلىلىدۇر.

**ئالتۇن ياروق** ئەسەرنىڭ تولۇق نامى: ئالتۇن ئۆڭلۈك ياروغ يالتىراغلىق قۇتقا كۆتىرىلمىش نوم ئىلىگ ئاتلىغ نوم بىتىگى (ئالتۇن رەڭلىك نۇر ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان شاھ ئەسەر) ئالتۇن ياروق بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىبىگە دائىر نوم بولۇپ، بۇددا ھىكايىلىرى بايان قىلىنغان زورھەجىملىك ئەسەر. ئۇنى X ئەسىردە بەشبالىقلىق ئۇيغۇر ئالىمى سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بۇ ئەسەرقەدىمكى، بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ماتېرىياللاردىن بىرى. ئەسەرنىڭ سانسكرىت، توبۇت ۋە موڭغۇل تىللىرىدىمۇ نۇسخىلىرى بار. 1909 -، 1911 - يىللىرى رۇس ئالىمى س. يې. مالوۋ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جيۇچۈەن ۋىلايىتىدە سېرىق ئۇيغۇرلار ياشايدىغان ۋاڭشىگۇ يېزىسى يېنىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىنى تاپتى، ئۇ ھەممىدىن مۇكەممەل نۇسخە ھېسابلىنىدۇ. 1913 -، 1917 - يىللىرى ۋ. ۋ. رادلوۋ بىلەن س. يې. مالوۋ بۇكىتابنى نەشر قىلدۇرغان ئىدى.

**ئالتە شەھەر** ش ئۇئارنىڭ كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، يەكەن ۋە خوتەن شەھەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمىنىڭ نامى. بۇنام XVIII ئەسىردىن تارتىپ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. (م. ھارتمان: «Der islamischa orient»، I توم 226 - بەت، 1 - ئىزاھ؛ 278 - بەت، 3 - ئىزاھىغا قاراڭ). كېيىن ئالتەشەھەرتەركىبىگە يېڭىسارمۇكىرگۈزۈلدى. 1903 - يىلى يېزىلىپ 1905 - يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان مۇللامۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» ناملىق ئەسىردە «يەتتە شەھەر» دېيىلىپ، كۇچا-مۇ، يېڭىسارمۇ كىرگۈزۈلگەن. 1873 - يىلى پېتىربۇرگدا بېسىلغان گرىگورىيېۋنىڭ «شەرقىي تۈركىستان» (II قىسىم) ناملىق رۇسچە ئەسىرى ئالتە شەھەرگە دائىر تارىخىي ھۆججەتلەر ھەققىدە كۆپ مەلۇمات بېرىدۇ. ئالتەشەھەر رايونى شىنجاڭنىڭ غەربىي يېرىمىنى قورشىغان. دېڭىز يۈزىدىن 3500 - 7500 م ئېگىزلىكتىكى مەزمۇت تاغلارنىڭ تارىم ئەتراپىغا قاراپ سوزۇلغان ئېتەكلىرىگە جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن 1000 - 1500 م ئېگىزلىكتىكى ئىنتايىن قۇرغاق، دەھشەتلىك قۇم بورانلىرى پات - پات چىقىپ تۇرىدىغان تەكلىماكان چۆلى بىلەن دائىم قار - مۇز قاپلاپ تۇرغان نۇرغۇن ئېگىز تاغلار ئارىسىغا ئورۇنلاشقان بۇ رايون مۇنبەت ماكانلىشىش مەيدانلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە تېمپېراتۇرا بەك ئۆزگىرىشچان، ھۆل - يېغىن كەم، تاغلارنىڭ ئېرىگەن قار - مۇزلىرىدىن ھاسىل بولغان تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى تارماقلىرى بۇ يەرلەرگە ھايات بېغىشلاپ، شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا قولايلىق شارائىتلار يارىتىپ بەرگەن. ئالاتاۋدىن ھاسىل بولغان ئاقسۇ دەرياسى، ئالاي ۋە پامىر تاغلىرىدىن ھاسىل بولغان قەشقەر دەرياسى، قاراقۇرۇمدىن ھاسىل بولغان يەكەن ۋە قارىقاش دەريالىرى ئالتە شەھەرنىڭ مۇھىم دەريالىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ئالمالىق** تارىخىي شەھەرلەردىن بىرى، ئۇنىڭ يەركۆلىمى 25 ك ك م بولۇپ، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى قورغاستىن 15 ك م يىراقلىقتا. غەربىي قىتانلارنىڭ خانى ئوزار، ئۇنىڭ ئوغلى سۇناق تېكىن بۇشەھەردە دەسلەپ خانلىق قىلغان. XIII ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە مەشھۇر شەھەر بولۇپ، چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى بولغان ۋە چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ جايدا.

ئالمالىق ئۆزدەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن يەتتەسۇ ئارقىلىق موڭغۇلىيىگە، غەربىي سىبىرگە ۋە



ئېرتىشنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا بارىدىغان كارۋان يولىدىكى سودا مەركىزى ئىدى. چاغاتاي ئەۋلاتلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە، بۇ خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولدى.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا ئالمالىقتىن تۆمۈر ۋە مىستىن سوقۇلغان قورال - سايمانلار (پالتا، پىچاق، خەنجەر قاتارلىقلار)، ئالتۇن، كۈمۈش پۇللار ۋە ھەرخىل ساپال قاچىلار تېپىلدى. مانا بۇلار ئالمالىقتا سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن بىر قاتاردا مېتاللىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي تاپقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئالمالىقنىڭ مەدەنىيەت ئاساسىنى XIII ئەسىردىن بۇرۇنلا تۈرك تىل سىستېمىسىدىكى قەۋملەر شەكىللەندۈرگەن. سۇڭ، قىتانلار سۇلالىسىدىن بۇرۇن بۇ رايوننىڭ سىياسىي مەركىزى بەشبالىق بولۇپ كەلگەن ئىدى. موڭغۇل (يۈەن) سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالمالىق رايونىنى مەھكەم ئىگىلەش قارارىغا كېلىپ، بۇ رايوننىڭ سىياسىي، ھەربىي مەركىزىنى بەشبالىقتىن ئالمالىققا يۆتكىگەن. تۇغلۇق تۆمۈر دەۋرىدە ئالمالىق ئىسلام دىنىنىڭ مەركىزى بولۇشقا يۈزلەنگەن. ئالمالىق تارىختا ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايونغا تارقىلىشىدا زور رول ئوينىدى. كېيىنكى ۋاقىتتا ئىسلام دىنى تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىنى بويلاپ ئۇچقۇشلۇق ھالدا كېڭىيىپ، ئاخىرى تۇرپان رايونىنىڭ بۇددا دىنىي مەدەنىيىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئىدى.

**ئانالىتىك خىمىيە** خىمىيە ئىلمىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ، ماددىلارنىڭ خىمىيىۋى تەركىبىنى ئانالىز قىلىش ئۇسۇلى، شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك نەزەرىيىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئانالىتىك خىمىيە سۈپەت ئانالىزى ۋە مىقدار ئانالىزى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇ خىمىيە تەتقىقاتىدا ۋە قوللىنىلىش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى فىزىكا، بىئولوگىيە، گېئولوگىيە، تۇپراقشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئانالىتىك خىمىيە سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى، مېدىتسىنا قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**ئاۋستىرالىيە** (Awstralia) تىنچ ئوكياننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى پۈتكۈل ئاۋستىرالىيە قۇرۇقلۇقى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايلاشقان تاسمانىيە ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىمالىدا تىمور دېڭىزى، ئارافۇرا دېڭىزى بار. شەرقىي تىنچ ئوكيان بىلەن، غەربىي ۋە جەنۇبىي ھىندى ئوكيان بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. قۇرۇقلۇقنىڭ شەرقىدىن غەربىگىچە بولغان كەڭلىكى 4000 ك م، شىمالى بىلەن جەنۇبىنىڭ ئارىلىقى 3150 ك م كېلىدۇ. ئەتراپىدىكى ئاراللار بىلەن قوشقاندا يەر مەيدانى 7 مىليون 682 مىڭ ك ك م كېلىدۇ، ئاھالىسى 14 مىليون 800 مىڭ (1982 - يىلى) ئاق تەنلىكلەر %99نى ئىگىلەيدۇ. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەنگلىيە كۆچمەنلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلاتلىرى ۋە يېقىنقى مەزگىللەردە ياۋروپانىڭ باشقا ئەللىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەردىن ئىبارەت. ئىنگلىز تىلى ئورتاق قوللىنىلىدۇ. كۆپچىلىكى خرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاۋستىرالىيە مۇستەملىكە قىلىنىشتىن بۇرۇنقى يەرلىك خەلقلەرنىڭ سانى 300 مىڭغا يېتەتتى. ھازىر قەپقالغىنى 140 مىڭغا يېقىن (1973 - يىلى) شەھەر ئاھالىسى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ $\frac{4}{5}$ نى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى شەرقىي دېڭىز بويى رايونلىرىغا مەركەزلەشكەن، ئاۋستىرالىيە ئىتتىپاقى: يېڭى جەنۇبىي ۋېلس، كىۋىنسلېند، ۋىكتورىيە، جەنۇبىي ئاۋستىرالىيە، غەربىي ئاۋستىرالىيە ۋە تاسمانىيىدىن ئىبارەت ئالتە شىتات ۋە مەركەزگە بىۋاس-

# ئاۋستراليه



تە قاراشلىق پايتەخت رايونىنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. پايتەختى كانبېررا. دېڭىز قىرغىقىنىڭ
ئۇزۇنلۇقى 20000 كم غا بارىدۇ، قۇرۇقلۇق
زېمىنىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ دېڭىز يۈزى-
دىن ئېگىزلىكى 300 م دىن تۆۋەن. ئېگىزلى-
كى 600 م دىن يۇقىرى جايلار 5% نى تەش-
كىل قىلىدۇ. دۇنيا بويىچە يېرى ئەڭ پەس تەك-
شى قۇرۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ. نىسبەتەن ئېگىز
كەلگەن غەربىي قىسىم رايونلىرى مەملىكەتنىڭ
$\frac{2}{3}$ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيەرلەرنىڭ دېڭىز
يۈزىدىن ئېگىزلىكى 200 - 500 م ئۆپچۆرىسىدە
بولۇپ قۇملۇق ۋە يېرىم قۇملۇقلاردىن ئىبارەت.
بۇ رايوندا ئېگىزلىكى 1000 - 1200 م كېلىدى-
غان توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان بىرقانچە تاغ-
لىقلار بار، ئاۋسترالىيىنىڭ ئوتتۇرىسى پەس
بولۇپ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 200 م دىن
تۆۋەن. ئەڭ پەس جايى ئېير كۆلى ئەتراپى بو-
لۇپ دېڭىز يۈزىدىن 12 م تۆۋەن. ئاۋسترا-
لىيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پەس كەتكەن ئوي-
مانلىقلار چوڭ ئارتېزىيان باسسېيىنى دەپ ئاتى-
لىدۇ. ئارتېزىيان قۇدۇقلىرى ناھايىتى كۆپ،
شەرق تەرىپى ئېگىز، ئۇ شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ
3000 كم ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان كۆپچىلىكىنىڭ
دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 800 - 1000 م كې-
لىدۇ. بۇ جاي «چوڭ سۇبۆلگۈچ» دېيىلىدۇ، شەر-
قىي جەنۇبىدىكى كوستيۇشكا چوققىسىنىڭ ئېگىز-
لىكى 2230 م بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئەڭ ئېگىز
نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ، قۇرۇقلۇقنىڭ ئەتراپىدى-
كى دېڭىز بويلىرىدا تاركەتكەن تۈزلەڭلىكلەر
بار. شەرقىي شىمالى دېڭىز بويلىرىنىڭ سىر-
تىدا دۇنياغا مەشھۇر مارجان خادا تاشلىرى بەل-
بېغى بار. مەملىكەتنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمىدىن كۆپرەكى
ئىسسىق بەلباغ دائىرىسىگە كى-
رىدۇ، ئەڭ ئىسسىق ئايلىرى دېكابىردىن كېلەر
يىلىنىڭ فېۋرالىغىچە بولۇپ، بۇ چاغدىكى ھاۋا
تېمپېراتۇرىسى 32C° تىن يۇقىرى بولىدۇ. ئەڭ
سوغاق ئايلىرى 6 - 8 - ئايلار بولۇپ كۆپچى-
لىك جايلىرىنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 10C° -
تىن يۇقىرى بولىدۇ، شەرقىي جەنۇبىدىكى ئې-
گىز تاغلىقلاردىلا بەزىدە قار يېغىپ قالىدۇ.
قۇرۇقلۇقتا يامغۇر مىقدارى ئاز. يامغۇرنىڭ كۆپ-
چىلىكى دېڭىز بويلىرىغا مەركەزلەشكەن. مەم-
لىكەت زېمىنىنىڭ $\frac{2}{3}$ قىسمىدىن كۆپرەكىنى
تەشكىل قىلىدىغان ئىچكى رايونلار قۇرغاق ئىق-
لىم رايونىغا مەنسۇپ بولۇپ، قۇرغاق رايونلار
مەيدانىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى بويىچە ھەر
قايسى قىتئەلەر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا
تۇرىدۇ. ئاساسلىق دەريالىرى مۇررېي
ۋە ئۇنىڭ تارمىقى دارلىڭ، مارراممبىجى قاتار-
لىقلاردۇر. تۇپرىقى نىسبەتەن ئۇنۇمسىز، 12049
تۈر يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئىچىدە
9036 تۈرى (75% نى تەشكىل قىلىدۇ) بۇ
قىتئەنىڭ ئالاھىدە تۈرلىرى بولۇپ، بۇلاردىن
مۇھىملىرى ئېۋكالىپت دەرەخلىرى (600 تۈر)،
بانكسىيە (50 تۈر)، ئاكاتسىيە (280 تۈر)،
ئاراۋكارىيە ۋە كازۇردىن دەرەخلىرىدىن ئىبارەت،
تەبىئىي ئورمان يېپىنچىسى شالاڭ. ئۆزىگە خاس
ھايۋانلىرى كېنگورۇ، كوئالا قاتارلىق خالتى-
لىق ھايۋانلار، ئاۋسترالىيە ئىتى — دىنگو،
شۇنىڭدەك لىراقۇشى، ئۆردەك تۇمشۇق، ئېخىدنا،
جەننەت قۇشى، كازاردېيۇسلارمۇ ئاۋسترالىيىگە
خاس ھايۋانلاردۇر، ئاۋسترالىيە فائۇنىسىنىڭ
قەدىملىكى جەھەتتە يېڭى زېلاندىيىدىن كېيىنلا
تۇرىدۇ. ئاۋسترالىيىدە دۇنيادا نەسلى ئاز
قالغان ئۆپكە بېلىقمۇ بار، ئاۋسترالىيە ھايۋاناتى-
نىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى بەزى ئۆي ھايۋانلىرى
ياۋايىلىشىشقا قاراپ ماڭغان. ئاۋسترالىيىدە ئەس-
لىدە كالا، قوي يوق ئىدى، بۇلار
بۇنىڭدىن 200 يىللار بۇرۇن ياۋروپادىن
ۋە قىسمەن ئافرىقىدىن كەلتۈرۈلگەن. ھازىر ئۇ
تەرەققىي قىلغان كالىچىلىق ۋە دۇنيادا ئالدىنقى
ئورۇندا تۇرىدىغان قويچىلىقتا ئىگە مەملىكەت-
كە ئايلاندى، ئاۋسترالىيە قۇرۇقلۇقىدا بۇرۇن

توشقان بولمىغان. 1857 - يىلى ياۋروپادىن 24 تۈپ توشقىنى كەلتۈرۈلۈپ مىلبۇرىن ھايۋانات باغچىسىغا قويۇلغان. كېيىنرەك بۇ توشقانلار سىرتقا چىقىپ كېتىپ دالىغا ماسلىشىپ تېز كۆپەيگەن.

كان بايلىقلىرى ناھايىتى كۆپ. مۇھىملىرى: تۆمۈر، كۆمۈر، ئاليۇمىن تۇپرىقى، مىس، قوغۇشۇن، سىنك، نىكېل، ئالتۇن، ئۇران قاتارلىقلاردۇر. 1788 - يىلى ئەنگلىيە سىدنېي رايونىدا بىرىنچى ئاھالە پونكىتىنى قۇرغان، بۇنىڭدىن جىنايەتچىلەرنى سۈرگۈن قىلىش ئورنى سۈپىتىدە پايدىلانغان. XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەنگلىيىلىكلەر قويچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇردى. 1851 - يىلىدىن باشلاپ ئالتۇن كانلىرىنى ئېچىشقا باشلىغان. 1901 - يىلى ئاۋستىرالىيە ئىتتىپاقى قۇرۇلۇپ ئەنگلىيىنىڭ دومىنىئونىغا ئايلاندى. ھازىر ئاۋستىرالىيە يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكى مەملىكىتى بولۇپ، كان سانائىتى ئەڭ كونا سانائەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئاساسەن جەنۇبىي ۋېلس، غەربىي ئاۋستىرالىيە ۋە كۇۋىنسلېند شتاتلىرىغا تارقالغان. بۇ رايونلارنىڭ كان مەھسۇلات مىقدارى مەملىكەت ئومۇمىي مەھسۇلاتىنىڭ $\frac{4}{5}$ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاليۇمىن، تۆمۈر، نىكېل، سىنك، مارگانېتس قاتارلىقلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئېغىر سانائىتىنىڭ مۇھىم تارماقلىرى مېتالچىلىق، ماشىنىسازلىق (كېمىسازلىق، ئاپتوموبىلسازلىق، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، ستانوكسازلىق) ۋە خىمىيە سانائىتىدىن ئىبارەت. يېنىك سانائەتتە توقۇمىچىلىق بىلەن يېمەكلىكلەر سانائىتى ئاساس قىلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە بۇغداي بىلەن قوي يۇڭى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 6% نى تەشكىل قىلىدۇ. تېرىلغۇلۇق مەملىكەت زېمىنىنىڭ 2% ىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ كۆپچىلىكىگە بۇغداي تېرىلىدۇ، يىللىق مەھسۇلاتى 10 مىليون توننىدىن ئاشىدۇ. دۇنيادىكى بۇغداي ئېكسپورت قىلىدىغان مۇھىم مەملىكەتلەرنىڭ بىرى. تەبىئىي يايلاقلار مەملىكەت زېمىنىنىڭ 55% ىنى ئىگىلەيدۇ. قوي سانى 135 مىليوندىن ئاشىدۇ. يىللىق قوي يۇڭى مەھسۇلاتى 700 مىڭ توننا ئەتراپىدا بولۇپ، دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. كالا ئىككىنچى ئورۇندا بولۇپ، 20 مىليون توننىدىن كۆپرەك گۆش ئېكسپورت قىلىنىدۇ. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئېكسپورتىي ئومۇمىي ئېكسپورتنىڭ 70% ىنى، كان مەھسۇلاتلىرى 24% نى تەشكىل قىلىدۇ. پاختا توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، نېفىت، ئاپتوموبىل، قەغەز، ستانوك قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلىدۇ.

مەملىكەت ئىچكى قاتنىشىدا تۆمۈر يول بىلەن تاشيول قاتنىشىنىڭ رولى چوڭ. لېكىن تۆمۈر يوللىرىنىڭ رېلىسلىرى بىر خىل ئەمەس، قاتناشتا ئەپسىز. تاشقى قاتناش ترانسپورتتا دېڭىز ترانسپورتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ھىندونېزىيىلىكلەر ۋە يۇنانلىقلار جەنۇپتا بىر قۇرۇقلۇقنىڭ بارلىقى توغرىسىدا پەرەز قىلىشقان، يونان ئالىمى پىتولېمېي ئۇ يەرنىڭ تەخمىنى خەرىتىسىنىمۇ سىزغان. 1606 - يىلى گوللاندىيىلىك ۋىللېم يانسزون ئاۋستىرالىيىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە كەلگەن. XVII ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى گوللاندىيىنىڭ شەرقىي ھىندى ئوكيان شىركىتى ئاۋستىرالىيىنىڭ غەربىي قىرغاقلىرىنى تاپىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ زېمىن «يېڭى گوللاندىيە» (nev Holland) دەپ ئاتىلىشقا باشلايدۇ. بۇ نام تاكى XIX ئەسىرگىچە ساقلىنىدۇ. 1814 - يىلى ئەنگلىيىلىك ساياھەتچى-تەكشۈرگۈچى فلىندېرسىنىڭ تەكلىپى بىلەن «جەنۇپتىكى يەر» (Terra Australis) دەپ ئاتالغان ئىدى. 1817 - يىلى ئەنگلىيە گوبېرناتورى (باش ۋالىيسى) بۇنى قىسقارتىپ ئاۋستىرالىيە (Australia) دەپ ئاتاشنى تەكلىپ قىلىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ نام رەسمىي قوللىنىشقا باشلىدى.

# ئە

**ئەبۇبەكر** (537 - 634) ئىسلام تارىخىدىكى تۆت چوڭ خەلىپىنىڭ («خەلىپە» ماددىسىغا قاراڭ) بىرى ۋە تۇنجىسى، مەككىدە قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ تايىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئېسىلزادىلەردىن. ياش ۋاقتىدا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىشىنى ئاكتىپ قوللىغان. 622 - يىلى مۇھەممەدكە ئەگىشىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، قىزى ئائىشەنى مۇھەممەدكە بەرگەن. ئىسلام دىنى ئۈچۈن بولغان چوڭ - كىچىك غازاتلارنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقان. 631 - يىلى مۇھەممەدكە ۋاكالىتەن مۇسۇلمانلارنى باشلاپ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلدى، مۇھەممەد ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۇنىڭ ئورنىدا ناماز ۋە مەرىكىلەرگە رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇھەممەدنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن تۇنجى خەلىپە بولۇپ سايلاندى. بۇ مەزگىلدە (632 - 634) بۇيرۇق چۈشۈرۈپ «قۇرئان» نى توپلاپ رەتلىتىپ چىقتى. ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ قارشىلىقلىرىنى بېسىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىدى. بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى خەلىپىلەرنىڭ سىرتقا قارىتا كېڭەيىشى ئۈچۈن ئاساس سالغان ئىدى.

**ئەتەبەتۇلھەقايىق** بۇ XII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا يېزىلغان شېئىرىي داستان. ئەسەر 14 باب، 235 بېيىتتىن تەركىب تاپقان. زامانىمىزغا ئەسەرنىڭ ئۈچ خىل كۆچۈرۈلمىسى يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭ بىرىنچىسى 1444 - يىلى سەمەرقەندде زەينۇل ئابىدىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا؛ ئىككىنچىسى 1480 - يىلى ئىستانبۇلدا ئابدۇلرازاق قاتارلىقلار تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئەرەب يېزىقى كىرىشتۈرۈلۈپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخا؛ ئۈچىنچىسى ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا (بۇنىڭ كۆچۈرگۈچىسى ۋە كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس). بۇ ئۈچ خىل كۆچۈرۈلمىنىڭ ھەممىسى ھازىر ئىستانبۇلدا ساقلانماقتا.

ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى ئۆز ئەسىرىنى يېزىشتا يۈسۈپ خاس ھاجىب باشلاپ بەرگەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» ئىزىدىن ماڭغان. بۇ، ئاپتورنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دىن زور ئىلھام ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى ئەسەرنىڭ بەزى باب ۋە مىسرالىرىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىشى، شۇنداقلا «قۇتادغۇ بىلىگ» نىڭ ۋەزنىدە يېزىلىشىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» پەند - نەسىھەتنى ئاساسىي تېما قىلغان. ئەسەردە ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوبرازلىق شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىدۇ. ئاپتور ئەسەردە ئىلىم - مەرىپەتكە، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن تىرىشقان كىشىلەرگە، مەردلىك، ئادىللىق، كەمتەرلىك قاتارلىق ئىنسانىي خىسلەتلەرگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ؛ بىلىمسىزلىك، نادانلىق، خەسىسلىك، ئاچكۆزلۈك، تەكەببۇرلۇق قاتارلىق ئىللەتلەرنى قاتتىق ئەيىپلەيدۇ. شۇنىڭدەك ئاپتور ئەسىرىدە ئۆزى ياشىغان دەۋردىن نارازى بولۇپ، ئۇنى قاتتىق ھەجۋىي تىل بىلەن پاش قىلغان بولۇپ، تىلى ناھايىتى چۈچۈك،

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىداكتىكىلىق داستان قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» دىن كېيىنكى ئەڭ يىرىك نەمۇنىسى بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

**ئەتكەسچىلىك جىنايىتى** تاموژنا قانۇن - نىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، مال، پۇل، ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق نەرسىلەرنى دۆلەت چېگرىسى ۋە چېگرىدىن قانۇنسىزلىق بىلەن توشۇغان، ئېلىپ يۈرگەن، پوچتىدىن ماڭدۇرغان، تاموژنىنىڭ نازارىتى ۋە تەكشۈرۈشىدىن قېچىپ، تاموژنا بېجى تاپشۇرماي، دۆلەتنىڭ تاشقى سودىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان دەرىجىسى ئېغىر قىلمىشلاردىن ئىبارەت. ئەتكەسچىلىك جىنايىتىنىڭ ئوبيېكتى — دۆلەتنىڭ تاشقى سودىنى، ئېكسپورت - ئىمپورت ماللىرى ۋە تاموژنا بېجىنى باشقۇرۇش پائالىيىتىدۇر. ئەتكەسچىلىك جىنايىتىنىڭ ئاساسىي ئىپادىلىنىش شەكلى: (1) تاموژنا تەسىس قىلىنمىغان جايلاردىكى دۆلەت چېگرىسى ۋە چېگرىدىن ئەتكەس ماللارنى توشۇش ۋە ئېلىپ يۈرۈش؛ (2) ئەتكەس ماللار ۋە نەرسىلەرنى يوشۇرۇن ۋە ساختا قاچىلاش ئارقىلىق چېگرىدىن ئېلىپ كىرىش ۋە ئېلىپ چىقىش، توشۇش ۋە پوچتىدىن ماڭدۇرۇش؛ (3) دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەردە كېمە قاتارلىق قاتناش قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەتكەس قىلىنغان نەرسىلەرنى ئىمپورت، ئېكسپورت قىلىش ھەرىكىتىدە بولۇش؛ (4) ئەتكەس قىلىنغان نەرسىلەرنى دېڭىز قىرغىقىغا چۈشۈرۈپ ئەتكەسچىلىك قىلىشقا ھازىرلىنىش؛ (5) ئەتكەسچىلەر ئېلىپ كىرگەن ماللارنى قانۇنسىزلىق بىلەن توپلاپ سېتىۋېلىپ، سېتىپ بېرىپ پايدىغا ئىگە بولۇش؛ (6) ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرى ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوتنى ئېلىپ قېچىش ھەرىكەتلىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئادەتتىكى ئەتكەسچىلىك قىلمىشى بىلەن ئەتكەسچىلىك جىنايىتىنى «قىلمىشى ئېغىرمۇ - ئېغىر ئەمەس» دېگەن ئۆلچەم بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. تاموژنا قانۇن - نىزامى ۋە ئەدلىيە ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن تۆۋەندىكىلەر: (1) گۇرۇھ خاراكتېرلىك ئەتكەسچىلىك؛ (2) قىممىتى زور ئەتكەسچىلىك؛ (3) مەنئىي قىلىنغان ۋە زەھەرلىك نەرسىلەرنى ئۆز ئالدىغا توشۇش؛ (4) دۆلەت ئورگانى ۋە ھەربىي قىسىم گۇۋاھنامىسى قاتارلىق ھۆججەتلەرنى ياساپ ياكى شۇنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ قىلغان ئەتكەسچىلىك؛ (5) تاموژنىنىڭ تەكشۈرۈشى ياكى ئەتكەس ماللارنى تۇتۇپ قېلىشىنى زورلۇق كۈچ بىلەن رەت قىلىش قىلمىشى ئېغىر ھېسابلىنىدۇ. «جىنايى ئىشلار قانۇنى»نىڭ 119 - ماددىسى بويىچە، دۆلەت خادىملىرىنىڭ خىزمەت ئورنىدىكى ئوڭايلىقتىن پايدىلىنىپ ئەتكەسچىلىك جىنايىتىنى سادىر قىلغانلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

**ئەدەبىي تەنقىد** — ئەرەبچە «نقد»دىن كېلىپ چىققان «تنقد» سۆزىنىڭ ئۆزلەشكىنى بولۇپ، تەكشۈرۈش، تاللاش دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ. يۇنانچە kritika («ھۆكۈم قىلىش»، «باھا بېرىش سەنئىتى») دېگەن سۆزگە تەڭ مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى، ئۇ بەدىئىي ئەسەرلەرنى باھالاش، تەھلىل قىلىش ۋە شەرھلەش يۈزىسىدىن يېزىلغان ئەدەبىي تەقرىزلەرنى، ئىلمىي ماقالىلارنى، قىسقا ئوبزورلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەدەبىي تەنقىدنىڭ ۋەزىپىسى بەدىئىي ئەسەرلەرنى تارىخىي ۋە ئېستېتىكىلىق نۇقتىئىنەزەردىن تەكشۈرىدۇ. ئۇ ئەمەلىيەتتە ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە ئائىت قائىدە - قانۇنىيەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كونكرېت تەدبىقلىنىشىدىن ئىبارەت. ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان يېتەكچىلىك رولى كۆپ ھاللاردا كونكرېت ئەدەبىي تەنقىد ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىر-

لەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىنى تەكشۈرگىلى بولىدۇ. ئۇ توغرا ئېلىپ بېرىلغان ئەدەبىي تەنقىد بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ بېيىتىش ۋە سىستېمىلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى بىلەن ئەدەبىي تەنقىد بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىدىن مەلۇمكى، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي تەنقىدچىلەر ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرغان. شۇ تۈپەيلىدىن ئادەتتە ئەدەبىي تەنقىد بىلەن ئەدەبىيات نەزەرىيىسى قوشۇلۇپ يېزىلغان باھالاش خاراكتېرىدىكى ئىلمىي ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى «ئەدەبىي ئوبزور» دەپ ئاتاش كېلىپ چىقتى.

ئەدەبىي تەنقىد ئېلىپ بېرىشتا ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتنى باھالاشتا جەزمەن مەلۇم ئۆلچەم بولماي مۇمكىن ئەمەس. قانداق ئەسەرلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، قانداق ئەسەرلەرنى ئىنكار قىلىش قاتارلىق جەريانلارنىڭ ھەممىسىدە ئوبزورچىنىڭ مەلۇم ئۆلچىمى بولىدۇ. مۇنداق ئۆلچەم ئۇنىڭ مەيدانى، كۆز قارىشى ۋە ئىدىيىۋى خاھىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەدەبىي تەنقىدچى ئۆز ماقالىلىرى بىلەن يازغۇچىنىڭ ئىستېداتى، كىتابخانلارنىڭ دىت-پاراستى ۋە زوقىنى ئاشۇرىدۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەرگە بولغان چۈشەنچىسىنى روشەنلەشتۈرىدۇ، ئاممىنىڭ قىزىقىشىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە تەنقىدچىمۇ ھايات ۋە ئەدەبىياتتىن كۆپ نەرسە ئۆگىنىدۇ، ئۇمۇ يازغۇچىغا ئوخشاش خىلمۇ-خىل شەكىللەردىن، ژانىر ۋە ئۇسلۇب ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. ئومۇمەن ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتنىڭ ئىدىيە ۋە بەدىئىي جەھەتتىكى سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىشنىڭ ئۇنۇملۇك ۋاستىسى. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە نىسبەتەن قوغداش، رىغبەتلەندۈرۈش، ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆستۈرۈش ياكى زەد قىلىش، چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئەركىن زەرەت** ئادەتتە ماددا تەركىبىدە بولۇپ، سىرتقى ئېلېكتر مەيدان تەسىرىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدىغان مۇسبەت، مەنپى زەرەتلەر ئەركىن زەرەت دېيىلىدۇ. بۇ خىل زەرەتلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئارا تەسىر كۈچ سىرتقى ئېلېكتر مەيدان كۈچىگە قارىغاندا ئاجىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ، ھەرىكەت قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. م: مېتاللار تەركىبىدىكى ئەركىن ئېلېكترونلار، ئېلېكترولىز ۋە گازلاردىكى ئىئونلار ئەركىن زەرەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش قانۇنىيىتى** — سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئەمگەكنى ئۆلچەم قىلىپ، شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنى تەقسىم قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەتتە ئەمگەكچىلەر ئەمگىكىنىڭ مىقدارى ۋە سۈپىتىگە ئاساسەن شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنى تەقسىم قىلىپ بېرىشنى، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش، ئاز ئىشلىگەنلەر ئاز ئېلىش، ئىشلىمىگەنلەر چىشلىمەسلىكنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئۆلچەملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى خېلى تۆۋەن، ئىجتىمائىي مەھسۇلات ئىنتايىن مول بولۇش دەرىجىسىگە تېخى يەتمىگەن، ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار، شەھەرلەر بىلەن يېزىلار، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەكنىڭ پەرقى تېخى مەۋجۇد، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى ۋە كونا ئادەت كۈچلەر يەنىلا مەۋجۇد، ئەمگەك تېخىچە ھەممە كىشىنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجىغا ئايلانغىنى يوق. شۇڭا ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىشنى يولغا قويغىلى بولمايدۇ، پەقەت

ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنىلا يولغا قويغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەقسىمات پرىنسىپى سوتسىيالىزىمنىڭ ئالاھىدە ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ياللانما ئەمگەك بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ، تەڭ تەقسىماتچىلىقنىمۇ تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كونكرېت ئەمەلگە ئېشىشى، سوتسىيالىزىمنىڭ ماددىي مەنپەئەت پرىنسىپىنىڭ توغرا گەۋدىلىنىشى بولۇپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى سەپەرۋەر قىلىش، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشتە زور رولغا ئىگە. ئەمما ھەر بىر ئەمگەكچىنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارى ئوخشاش ئەمەس، ئائىلە نوپۇسى تەڭ ئەمەس، ئەمگەكچىلەرنىڭ دارامەت سەۋىيىسى ئوخشاش ئەمەس، ئەمەلىي تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ ئوخشاش ئەمەس، شۇڭا شەكىلدە باراۋەر، ئەمەلىيەتتە باراۋەر ئەمەس. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى گەۋدىلەندۈرۈش «باراۋەرلىك ھوقۇقى پرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا يەنىلا بۇرژۇئا ھوقۇقى»، كوممۇنىزىمنىڭ ئېھتىياجغا قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ بىر «ئىللەت» بولۇپ، سوتسىيالىزىم باسقۇچىدا ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، سوتسىيالىزىم شارائىتىدا شەخسىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش تارىخىي مۇقەررەرلىك، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. كىشىلەرنىڭ بۇ قانۇنىيەتنى سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئېتىراپ قىلىش - قىلماسلىقىدىن، ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش كۆرۈش - كۆرمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، بۇ قانۇنىيەت بەرىبىر مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ ۋە رول ئوينايدۇ.

**ئەھمەدجان قاسىمى** (1914 - يىل ئاپرېل — 1949 - يىل سېنتەبىر) غۇلجا شەھىرى توغرا كۆۋرۈك مەھەللىسىدە قولھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئالتە ياش ۋاقتىدا ئاتىسىدىن يېتىم قالغان ئەھمەدجان قاسىمىنى چوڭ تاغىسى (ئانىسىنىڭ ئاكىسى) كېيىن قورغاس ناھىيىسىگە ئېلىپ كېتىدۇ. 1926 - يىلى تاغىسى ئۆمەر ئەھمەدجاننى ئوقۇتۇش ئۈچۈن تاشكەنتكە ئېلىپ كېتىپ، ئۇ يەردە دارىلمۇئەللىمىنغا ئوقۇشقا بېرىدۇ. ئۇ بۇ مەكتەپنى تۈگىتىپ خىزمەتكە چىقىدۇ. 1937 - يىلى موسكۋا شەرق تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1942 - يىلى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، غۇلجىدىكى كىچىك تاغىسى ناسىر


(1914 — 1949)

نىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ياغاچچىلىق، ئەينەكچىلىك قىلىدۇ. گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى ئەھمەدجاننىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ، 1943 - يىل دېكابىردا قولغا ئېلىپ ئىلى ۋە ئۈرۈمچى تۈرمىلىرىگە قامايدۇ. 1944 - يىل ئۆكتەبىردە ئۇ تۈرمىدىن چىقىپ غۇلجىغا كېلىپ يەر ئاستى ئىنقىلابىي تەشكىلات «ئازادلىق جەمئىيىتى»گە قاتنىشىدۇ. ھەم نىلقا ناھىيىسىدە گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالغان پارتىزانلار ئەترىتى بىلەن ئالاقە ئورنىتىدۇ. ئە. قاسىمى پۈتۈن ۋۇجۇدى

بىلەن ئىنقىلابقا قاتنىشىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي پروگراممىسى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى تۈزۈش ئۈچۈن مۇھىم كۈچ قوشىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىدە مۇھىم ئىش باشقۇرغۇچى، مەركىزىي ھۆكۈمەتتە شائىشياۋ دەرىجىلىك ھەربىي بۆلۈم باشلىقى بولۇپ، پۈتۈن مىللىي ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. 1945 - يىلى ئۆكتەبىردىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجۇڭ بىلەن بولغان سۆھبەتكە قاتنىشىدۇ ھەم سۆھبەتتە باشتىن - ئاخىر ئاساسىي يېتەكچىلىك رولىنى ئاتقۇرىدۇ. ئالتە ئاي داۋاملاشقان سۆھبەت نەتىجىسىدە 1946 - يىل ئىيۇندا 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالىنىدۇ. بىتىمگە ئاساسەن قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولىدۇ. ئە. قاسىمى بىتىمنى قوغداش، ئىجرا قىلىش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلىدۇ، ئۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تۈرلۈك سۇيىقەست ۋە ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى يۇقىرى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ خەلق ئالدىدا ئېچىپ تاشلاپ، پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى بولۇپ قالىدۇ. 1947 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىتىمگە ئەمەل قىلماي، ئۈچ ۋىلايەتكە قارشى ئاشكارا ئاغدۇرمىچىلىق قىلغانلىقتىن بىتىم بۇزۇلىدۇ. ئە. قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى ۋە يەتتە ۋىلايەت (ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەن ۋە قاراشەھەر)نىڭ بىر قىسىم خەلق ۋەكىللىرىنى باشلاپ غۇلجىغا قايتىدۇ. ئە. قاسىمى غۇلجىغا قايتىپ ئۈچ ۋىلايەت خەلقى ۋە مىللىي ئارمىيىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قولچومىقى بولغان ئوسمان قاتارلىقلارنىڭ قوراللىق ئاغدۇرمىچىلىقى ۋە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىنى تارمار قىلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى ۋەتەنپەرۋەرلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، 1948 - يىلى ئاۋغۇستتا غۇلجىدا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نى تەسىس قىلىدۇ ۋە بۇ ئىتتىپاقنىڭ رەئىسى بولۇپ ئىشلەپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى جۇڭگو كومپارتىيىسى يېتەكچىلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ ۋە ئۈمىدىنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىسىگە باغلايدۇ. 1949 - يىل ئاۋغۇستتا يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى نامىدا ئەھمەدجان قاسىمغا يازغان: «... سىلەرنىڭ كۆپ يىلدىن بۇيانقى كۈرەشلىرىڭلار پۈتكۈل جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى، غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ تولۇق ئازاد بولىدىغان ۋاقىتقا ئانچە ئۇزاق قالمىدى، سىلەرنىڭ كۈرەشلىرىڭلار پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىڭلار سۈپىتىدە بەش كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشىڭلارنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز...» دېگەن خېتىگە، «... خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەتتە ئېيتىلغان مەسىلىلەر ئۆلكىمىزدىكى بارلىق خەلقنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى. بىز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى ئۆلكىمىز ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى دەپ ھېسابلايمىز. خېتىڭىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز بېيجىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىشكە قوشۇلىدىغانلىقىمىز-

لى خۇشاللىق بىلەن بىلدۈرىمىز» — دەيدۇ. 1949 - يىل سېنتەبىردە ئە. قاسىمى سەپداشلىرى ئىسھاقبەك، ئابدۇلكېرىم ئابباسوپ، دەلىلقان سۇغۇربايوپ قاتارلىقلار بىلەن بېيجىڭغا جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ، يولدا ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇش يولىدا قۇربان بولدى.

ئە. قاسىمى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ، شۇنداقلا پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن تالانتلىق، بىلىملىك، ھەر تەرەپلىمە يېتىشكەن مەشھۇر جامائەت ئەربابى ۋە ئاتاقلىق دىپلومات ئىدى. ئە. قاسىمى ئىراقنى كۆرەر ۋە يۇقۇرى ماركسىزىم - لېنىنىزىملىق سەۋىيىگە ئىگە بولۇپ، ئۆز ئەمىلىي ھەركىتى بىلەن ۋە شۇچاغدا «ئىللىق» دېگەن تەخەللۇسى بىلەن يازغان ماقالىلىرى ۋە نۇرغۇن نۇتۇقلىرىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ۋە يەرلىك فېئودال كۈچلەرنىڭ تۈرلۈك ئويدۇرما سەپسەتىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ۋەتەن بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىدى. ئۇ ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن «بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز ھەرگىزمۇ خەنزۇ خەلقىگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلمايدۇ، بىزنىڭ قارشى تۇرىدىغىنىمىز گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى...» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

**ئەيسىچى** (1910 - 1966) — جۇڭگونىڭ ماركسىزىملىق پەيلاسوپى، ئەسلى ئىسمى لى شىڭشۈەن، يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ تىڭچۇڭ ناھىيىسىدىن، ياپونىيىدە ئوقۇغان. «18 - سېنتەبىر» ۋاقەئەسىدىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە كىرىشكەن. 1932 - يىلى شاڭخەي چۈەنجاڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقاندا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرغۇچىلار ئىتتىپاقىغا قاتناشقان. 1934 - يىلى «كىتاب ئوقۇش تۇرمۇشى» ژۇرنىلىدا «ئاممىباپ پەلسەپە» ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىپ ماركسىزىمنى تەرغىپ قىلدى. بۇ ئەسەرنىڭ كەڭ ئاممىغا، بولۇپمۇ ياشلارغا نىسبەتەن ئويغۇتۇش رولى زور بولدى. 1935 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ئەزا بولدى. 1935 - 1937 - يىللىرىچە شاڭخەي «كىتاب ئوقۇش تۇرمۇشى»غا مۇھەررىرلىك قىلدى؛ «پەلسەپە ۋە تۇرمۇش»، «ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيە» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ھەمدە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «يېڭى پەلسەپە تېزىسلىرى» قاتارلىق تەرجىمە نەتىجىلىرىنى نەشر قىلدۇردى. 1937 - يىلى يەنئەنگە بېرىپ ياپونغا قارشى ھەربىي - سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېت، شىمالىي شەنشى ئىنستىتۇتى، ماركسىزىم - لېنىنىزىم ئىنستىتۇتى قاتارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى بولدى. مەركىزىي مەدەنىي، مائارىپ كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى، مەركىزىي تەتقىقات يۇرتى، مەدەنىيەت - ئەدەبىيات تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، «ئازادلىق گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئالىي پارتىيە مەكتىپى پەلسەپە كافېدراسىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، جۇڭگو پەلسەپە جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن لېكسىيىسىنىڭ ئەزاسى بولغان؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 - 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە، 1 - 2 - 3 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلانغان. ئۇزۇن مۇددەت ماركسىزىملىق پەلسەپىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان. يازغان ئەسەرلىرى «ئەيسىچى ئەسەرلەر توپلىمى» (2 توملۇق) قىلىنىپ نەشر قىلىنغان؛ بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن «دىئالېكتىك ماتېرىيالىزىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىم»، تەرجىمىلىرىدىن «ماركس، ئېنگېلس تارىخىي ماتېرىيالىزىم توغرىسىدا» قاتارلىق كىتابلىرى بار.

**بابۇر زاھىرىددىن مۇھەممەد** (14.2.1483 — 26.12.1530) بۇرۇنقى پەرغانە ئەمىرى، ھىندىستان تۈرك ئىمپېراتورلۇقىنىڭ (1526 — 1858) ئاساسىنى قۇرغۇچى، يىرىك شائىر ۋە يازغۇچى؛ تۆمۈر ئەۋلادى، بارلاس قەبىلىسىدىن. دادىسى تۆمۈرلەرنىڭ نەۋرىلىرىدىن ئۆمەر شەيخ بولۇپ، ئانىسى چاغاتاي ئەۋلادىدىن يۇنۇس خاننىڭ چوڭ قىزى قۇتلۇق نىگارخانىمدۇر. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەرغانە ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەن 12 ياشلىق بابۇر ئىسفارا، خوجەنت قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ. ماۋەرائۇننەھردە بىر خانلىق قۇرۇشقا كىرىشىدۇ. 1501 - يىلى بابۇر قوشۇنى سەمەرقەندنى ئالغان بولسىمۇ، مۇھەممەد شەيبانى خان باشچىلىقىدىكى دەشتى قىپچاق قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، 1501 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سەمەرقەندتىن چىقىپ كېتىدۇ. 1504 - يىلى ئىچكى ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن ھالسىزلانغان بابۇر، پەرغانىگە بېسىپ كىرگەن شەيبانى خانغا تەڭ كېلەلمەي ئوتتۇرا ئاسىيانى تاشلاپ چىقىپ، كابۇلنى بېسىۋېلىپ بەدەخشانغا ئورۇنلىشىدۇ. 1506 - يىلى پادىشاھ بولىدۇ. شەيبانى خان ئۆلگەندىن كېيىن 1512 - يىلى يۈرۈش قىلىپ سەمەرقەندنى ئالغان بولسىمۇ، 1513 - يىلىنىڭ بېشىدا شەيبانىلار قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەي چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. چاغاتاي، بارلاس، جالايىر، رۇلداي قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ۋە ئافغان قەبىلىلىرىدىن قۇرۇلغان قوشۇن بىلەن 1518 - 1519، 1524 - 1525 - يىللىرى ھىندىستانغا بەش قېتىم يۈرۈش قىلىپ، ئاخىرى 1526 - يىلى لاھورنى ئېلىپ پەنجابقا ئورۇنلىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پانىپات يېنىدا ئىبراھىم لودى قوشۇنىنى يېڭىپ، دېھلى، ئاگرانى ئالىدۇ. بارا - بارا ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسمى (ھىند دەرياسىدىن بېنگالغىچە) نى ئۆزىگە قارىتىپ، تارىختا ھىندىستان تۈرك ئىمپېراتورلۇقى دەپ ئاتالغان ئىمپېراتورلۇقنى قۇرۇپ، دېھلىنى پايتەخت قىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىنى كۈچەيتىپ، سودىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى كۈچەيتىشكە تىرىشىدۇ.



بابۇر يەنە چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق سىمالىرىدىن بىرى. ئۇ «بابۇرنامە»، «مۇبايىن»، «خەتتى بابۇرى» ناملىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى. بابۇرنىڭ قىزى گۈلبادانىڭ «ھۇمايۇننامە» ناملىق ئەسىرىدە بابۇر ۋە ئوغلى ھۇمايۇننىڭ ھاياتى، ئەلنىڭ تارىخى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. بابۇر ئاگرا شەھىرىدە

ۋاپات قىلدى، جەسىدى كابۇلغا كەلتۈرۈلۈپ، شىر دەرۋازا ناملىق تاغنىڭ ئېتىكىگە دەپنە قىلىنغان. بۇ يەر «باغى بابۇر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**باجىن** 1904 - يىلى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ چېڭدۇ شەھرىدە تۇغۇلغان، ئاتاقلىق يازغۇچى. باجىن فرانسىيە ھەم ياپونىيىلەردە ئوقۇغان. ئۇزاق ۋاقىت ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ 1927 - يىلى فرانسىيىگە ئوقۇشقا چىققان ۋاقتىدىن باشلاپ يېزىشقا كىرىشكەن. 1928 - يىلى «ھالاكەت» ناملىق رومانىنى، 1931 - 34 - يىللىرى «يېڭى ھايات» رومانىنى يازغان. ئۇنىڭ مۇھەببەت تىرىلوگىيەسى تۈتەك، يامغۇر، چاقماق قاتارلىق رومانلىرىنى ئىچىگە ئالىدۇ. 1931 - يىلى «ئائىلە» ناملىق مەشھۇر رومانىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن «كۈز» (1938 - يىلى)، «باھار» (1940 - يىلى) رومانلىرىنى نەشر قىلدۇردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە «ئوت» ناملىق رومانىنى، 1944 - يىلدىن كېيىن «ئاراملىق باغ»، «تۆتىنچى دوختۇرخانا»، «سوغۇق كېچە» رومانلىرىنى ۋە نۇرغۇن پوۋېست، ھېكايىلارنى، ئوچېركلارنى يازدى. باجىن ئەڭ كۆپ ئەسەر يازغان يازغۇچى. خۇددى لۇشۈن دېگىنىدەك «قىزغىنلىقى يۇقىرى، ئىدىيىدە ئالغا باسقان بارماق بىلەن سانىغىچىلىكى بار يازغۇچىلار قاتارىدىكى يازغۇچى». 1949 - يىلىدىن كېيىن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شاڭخەي شۆبىسىنىڭ رەئىسى، «ئەدەبىيات - سەنئەت ئايلىق گېزىتى»، «مول ھوسۇل»، «شاڭخەي ئەدەبىياتى» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مەسئۇل تەھرىرلىكىنى قىلدى. 1 - 2 - 3 - 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىلى، 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى. باجىن ھازىر جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شاڭخەي شۆبىسىنىڭمۇ رەئىسى، شاڭخەي شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

**بارچۇق ئارت تېكىن** (XIII ئەسىر) II ئۇيغۇر ئىدىقۇتى، I ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئېسەن تۆمۈرنىڭ ئوغلى. 1206 - يىلى بورتېجىگىن قەبىلىسىدىن بولغان تېموچىن موڭغۇل قاغانلىقىنى قۇرۇپ، چىڭگىزخان ئۇنۋانى بىلەن قاغان بولدۇ. كۈچەيگەن موڭغۇل قاغانلىقى جەنۇبتا جىن



قاغانلىقى، غەربتە خارەزمشاھلارغا يۈرۈش تەييارلىقىنى قىلىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ تۇرغان ب. ئارت تېكىن بولغۇسى موڭغۇل ئىستىلاسىغا قارشى تۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، مەسلىھەت بىلەن چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىش قارارىغا كېلىدۇ ۋە 1209 يىلىدىن باشلاپ بۆكىرىش ئايغۇچى، ئارىنتۆمۈر، ئارسلان ئۆگە، چارۇق ئۆگە، پولات تېكىن، ساڭچى، ئىنال قايا...لار باشلىق تۇرپان ھەم بەشبالىق ئۇيغۇر ئەربابلىرىدىن ئۈچ قېتىم ئەلچىلەر ئۆمىكى تەش-

كىلىپ، قىممەتلىك سوغا - سالاملار بىلەن
چىڭگىزخان ھوزۇرىغا ئەۋەتىدۇ ۋە بەيئەت
قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 1211 - يىلى باھار-
دا ب. ئارت تېكىن شەخسەن ئۆزى كەرۇلەن دەر-
ياسىنىڭ بويىغا بېرىپ، چىڭگىزخاننى زىيارەت
قىلىپ خىزمىتىدە بولىدىغانلىقىنى ئىزھار قى-
لىدۇ. ب. ئارت تېكىننى ياخشى كۆرۈپ
قالغان چىڭگىزخان ئۇنى قىزى ئال -
ئالتۇن بىلەن ئۆيلەندۈرىدۇ. ب. ئارت تېكىن
بۇ ھەركىتى بىلەن ئىدىقۇت خانلىقىنى ئۇرۇش
ئاپىتىدىن ساقلاپ قالىدۇ. 1219 - يىلى چىڭ-
گىزخان غەرپكە يۈرۈش قىلغاندا، ب. ئارت
تېكىن ئىدىقۇت قوشۇنىنى ئېلىپ، خارەزم
دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلىش ۋە رۇس، ئالتۇن ئور-
دا بىرلەشمە قوشۇنىنى تارمار قىلىش ئىشلىرىغا
قاتنىشىپ، موڭغۇل قوشۇنىنىڭ غەلىبىسىگە
ھەسسە قوشىدۇ. 1226 - يىلى تاڭغۇتلارغا قىل-
غان يۈرۈشكىمۇ قاتنىشىپ، ئۆزۈن ئۆتمەي ۋاپات
قىلىدۇ. ئورنىغا ئوغلى يۈگرۈنچ تېكىن ئىدى-
قۇت بولىدۇ.

**بارىي** 1774 - يىلى شىۋېتسىيە خىمىكى شىلى
تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنغان خىمىيەۋى ئېلېمېنت.
ئۇ دەۋرى سىستېمىنىڭ II ئاساسىي گۇرۇپپى-
سى (ئىشقارى يەر مېتال) غا جايلاشقان ئېلې-
مېنت بولۇپ، ئېلېمېنت بەلگىسى Ba، ئاتوم رەت
نومۇرى 56. ئاتوم ماسسىسى 137.34، كۈمۈش
ئاق رەڭلىك ئىگە مېتال سېلىشتۇرما ئېغىرلى-
قى ($20C^{\circ}$ تا) 3.5، سۇيۇقلىنىش نۇقتى-
سى $850C^{\circ}$. قايناش نۇقتىسى تەخمىنەن
$1140C^{\circ}$. خىمىيەۋى بىرىكىش ۋالېنتى 2، خىمىيەۋى
خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ، ئاسان ئوكسىدلىنىدۇ، شۇڭا
ئۇنى ماينىڭ ئىچىدە ساقلاش لازىم.

بارىي سۇ بىلەن خىمىيەۋى رېئاكسىيىگە
كىرىشىپ ھىدروكسىدلىق بىرىكمە ۋە ھىدروگېن
ھاسىل قىلىدۇ. كىسلاتا ئېرىپ تۇز ھاسىل قى-
لىدۇ. بارىينىڭ بارىي سۇلفاتتىن باشقا تۇزلى-
رى زەھەرلىك. بارىي بارىي تۇزلىرى، ھەر خىل
قېتىشمىلار ۋە رەڭلىك يالقۇن ئىشلەشتە قوللى-
نىلىدۇ. ئۇ يەنە مىس تاۋلىغاندا ئەلا سۈپەت-
لىك ئوكسىگىن چىقىرىپ تاشلىغۇچى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ. بارىي تەبىئەتتە بارىت ۋە ۋىتې-
رىت (بارىي كاربونات) مىنېرالى ھالىتىدە ئۇچ-
رايدۇ. بارىي خلورىدنى سۇيۇقلاندۇرۇپ، ئاممو-
نىي خلورىد مەۋجۇت شارائىتتا ئېلېكترولىزلاش
ئارقىلىق تازا بارىي ئېلىنىدۇ.

**باشقۇرۇش ئىلمى** مەمۇرى باشقۇرۇش-
تىن خېلى كېيىن، شۇنداقلا بىر خىل يەن،
ئۇنىڭمۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بولىدۇ. ئېلىمىز-
نىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى ئورغۇنلىغان زا-
مانىۋى سەۋىيىگە ئىگە، ئىختىساسلىق پەن -
تېخنىكا خادىملىرىغا، باشقۇرۇش ئىلمىنى بى-
لىدىغان، ئىختىساسلىق ئورغۇنلىغان مەمۇرى
باشقۇرۇش خادىملىرىغا مۇھتاج. پەن - تېخنى-
كىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلاندۇرغىلى
بولىدۇ، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىلمىي باش-
قۇرۇشمۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققى-
ياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇ-
رۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش -
بولماسلىقى، سۈرئىتىنىڭ تېز ياكى ئاستا بولۇ-
شى مۇشۇ خادىملارنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى
ۋە خىزمەت ئۈنۈمىگە زور دەرىجىدە باغلىق.
مەمۇرى باشقۇرۇش خادىملىرىدا كەسپىي بىلىم-
نىڭ بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ئىلمىي
باشقۇرۇش بىلىمى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى بى-
لىمى بولۇشى زۆرۈر. مەمۇرى باشقۇرۇش ئىلمى
سىياسى خاراكتىرى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى ناھا-
يىتى كۈچلۈك بولغان ئەمەلىي پەن. ئۇ، دۆلەت-
نىڭ مەمۇرى ئورگانلىرىنىڭ تۈرلۈك مەمۇرى
باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغاندىن
تاشقىرى، دۆلەتنىڭ مەمۇرى ئورگانلىرىنىڭ قۇ-
رۇلۇشىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە
ئىسلاھاتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھۆ-
كۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى قانداق قىلىپ
توغرا، ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشنى نۇقتىلىق تەتقىق قى-
لىدۇ. مەمۇرى باشقۇرۇش يەنە ئۈنۈمۈرسال، گىرەلى-
شىپ كەتكەن پەن بولۇپ، ئۇ پەلسەپە، سىياسىشۇناس-

لىق، قانۇنشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، ئىقتىسادشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ باشقۇرۇش ئىلمىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇچۇر نەزەرىيىسى، كونترول قىلىش نەزەرىيىسى، سىستېما قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى قاتارلىق بىلىملەر بىلەنمۇ چېتىلىدۇ.

**باغراش كۆلى** قارا شەھەر ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان ئىچكى قۇرۇقلۇق كۆلى بولۇپ، ئورنى شىمالىي كەڭلىك 42° 11′ بىلەن 42° 32′ ۋە شەرقىي ئۇزۇنلۇق 86° 42′ بىلەن 87° 26′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. قارا شەھەر ئويمانلىقىدىكى يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ يىغىلىش ئورنى، شۇنداقلا كۆنچى دەرياسىنىڭ باشلىنىش جايى، ئۇنىڭغا قارا شەھەر دەرياسى ۋە موخۇر چاغان، ئۇلاستاي، ئۇششاقتال، تېۋىلغا دەريالىرىنىڭ سۈيى قۇيۇلىدۇ. بۇ دەريالارنىڭ ئومۇمىي ئېقىن مىقدارى 3 مىليارت 952 مىليون 400 مىڭ كم، بۇنىڭ ئىچىدە قارا شەھەر دەرياسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ يىللىق ئېقىن مىقدارى 3 مىليات 362 مىليون ك م كېلىدۇ. كۆلنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 50 - 60 كم، شىمالدىن جەنۇبقا كەڭلىكى 20 - 25كم بولۇپ، چوڭ كۆل ۋە كىچىك كۆلدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. سۇ يۈزىنىڭ مەيدانى 1067 ككم. كۆل ئەتراپىدىكى سازلىقلارنىڭ مەيدانىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا كۆلنىڭ ئومۇمىي مەيدانى 1715 ككم غا بارىدۇ. كۆل سۈيىنىڭ سىغىمى 7 مىليارت 560 مىليون كم، شەرقىي جەنۇب قىسمى چوڭقۇرراق، غەربىي تەرىپىدىكى كىچىك كۆل تېيىز بولۇپ، ئەڭ چوڭقۇر جايلىرى 20م، ئەڭ تېيىز جايلىرى ئىككىم كېلىدۇ، ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى سەككىزم كېلىدۇ.

شەرقىي قىسمىدىكى چوڭ كۆل رايونى، ب. كۆلنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، سۇ يۈزىنىڭ مەيدانى 990ككم كېلىدۇ. سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، سۇ ئۆسۈملۈكلىرى ناھايىتى شالاڭ، ئومۇمىي قاپلاش نىسبىتى 10%كە يەتمەيدۇ، غەربىي قىسمىدىكى كۆل كىچىك رايونى ئونلىغان كىچىك كۆل ۋە قومۇشلۇق - سازلىقلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەيدانى 324.74 كم كېلىدۇ. سۈيى تېيىز، سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى چوڭ كۆلگە قارىغاندا سەل يۇقىرى، سۇ ئۆسۈملۈكلىرى كۆپ، قاپلاش يۈزى 70-80%كە يېتىدۇ.

ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەر جەريانىدا ب. كۆلى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى تاتلىق سۇلۇق كۆل بولۇپ شەكىللەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىگە خاس سازلىق، ئېكولوگىيە سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قارا شەھەر ئويمانلىقىدا بوز يەرلەرنىڭ كۆپلەپ ئېچىلىپ سۇغا بولغان تەلەپنىڭ ئېشىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ب. كۆلىگە قۇيۇلىدىغان دەريالارنىڭ سۈيى ئومۇمىيۈزلۈك ئازىيىپ، سۇنىڭ ئورنى 63 سم تۆۋەنلەپ كەتكەن. پاتسىيلىك چۆكۈندىلەرنىڭ تارقىلىشىدىن قارىغاندا ئەسلىدىكى كۆلنىڭ يۈزى بۈگۈنكىدىن كەڭ بولغان.

ب. كۆلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىككى بېلىقچىلىق رايونىنىڭ بىرى بولۇپ، 20 دىن ئارتۇق بېلىق تۈرى ئۆستۈرۈلىدۇ، يىللىق بېلىق تۇتۇلۇش مىقدارى 2000 تونىغا يېتىدۇ. ب. كۆلى مەملىكىتىمىزدىكى بىر قانچە چوڭ قومۇشلۇقلارنىڭ بىرى، كۆل بويىدىكى سازلىقلارنىڭ مەيدانى 400 كم كېلىدۇ. بۇ قومۇش ئۆسىدىغان ئەڭ ياخشى تەبىئىي مۇھىت بولۇپ، قومۇش بايلىقىنىڭ زاپىسى 3.16 مىڭ 100 تونىنىغا بارىدۇ. بۇلاردىن باشقا كۆلنىڭ چەت گىرۋەكلىرىدىن ئاش تۇزى ۋە سېلىترا ئېلىنىدۇ.

ب. كۆلى قارا شەھەر دەرياسى بىلەن كۆنچى دەرياسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي سۇ تەڭشىگۈچى سۇ ئامبىرى بولۇپ، كەلكۈن سۈيىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ، شۇنداقلا كىلىماتنى تەڭشەپ ياخشى تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداپ قېلىشتىمۇ بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

**بانكا** پۇل ئامانەت قويۇش، قەرز پۇل تارقىتىش، پۇل پېرېۋوت قىلىش، تارقاق ئامانەت، ئىناۋەتلىك ھاۋالە قىلىش قاتارلىق كەسىپلەرنى بېجىرىدىغان، خېرىدارلار ئۈچۈن پۇل كىرىم - چىقىم ۋە راسچوت قىلىش ئىشلىرىنى تەشكىللەيدىغان، ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە ۋاستىلىك رول ئوينايدىغان ئىناۋەتلىك ئورگان. بانكا - كاپىتالىزمدىن بۇرۇنقى جەمئىيەتتە قويما پۇللارنى ئالماشتۇرۇش كەسپى ئاساسىدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. دەسلەپ قۇرۇلغان بانكا ئەنگلىيىدىكى ئېنگلاند ھەسسىدارلىق بانكىسى بولۇپ، 1694 - يىلى دۆلەتنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇلغان، ئۇ ئىش باشلاش بىلەنلا رەسمىي دىسكونت نىسبىتىنى 4.5 - 6 پىرسەنت قىلىپ بەلگىلىگەن. ئېنگلاند بانكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ماسلاشقان بولۇپ، يېڭىچە كرېدىت تۈزۈمىنىڭ تۇرغۇزۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بانكا ئىشلىرى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى. دۆلىتىمىزدە دەسلەپ قۇرۇلغان بانكا 1845 - يىلى گۇاڭجۇدا ئەنگلىيىلىكلەر قۇرغان مىللوۋ بانكىسى (يەنە بىر ئىسمى شەرق بانكىسى) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كونا جۇڭگونىڭ ئۆزىنىڭ يېڭى شەكىلدىكى تۇنجى بانكىسى شاڭخەيدىكى سودا ئالاقە بانكىسى بولۇپ، ئۇ 1897 - يىلى 26 - ئاپرېل قۇرۇلغان، بۇنىڭغا ئەگىشىپ تيەنجىن، خەنكۇ، گۇاڭجۇ، يەنتەي، جېنجياڭ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا شۆبە بانكىلار تەسىس قىلىنغان. 1905 - يىلى دۆلەت بانكىسى، 1908 - يىلى جۇڭگو قاتناش بانكىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن جۇڭگو ھەسسىدارلىق بانكىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى.

كاپىتالىزم تۈزۈمىدە، بانكا پۇل كاپىتالى بىلەن تىجارەت قىلىدىغان ئورگان، ھەقدار بىلەن قەرزدار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنى باغلىغۇچى كاپىتالىستىك كارخانا بولۇپ، ئاساسەن سودا بانكىسى، مەبلەغ سېلىش بانكىسى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. مونوپولىيىلىك كاپىتالىزم دەۋرىدە بانكا كاپىتالى بىلەن سانائەت كاپىتالى ئارىلىشىپ كېتىپ، پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بانكا ئادەتتىكى ۋاستىچىدىن تەرەققىي قىلىپ، ھەممىگە قادىر مونوپول تەشكىلاتقا ئايلىنىش بىلەن ھازىرقى زامان كاپىتالىزمىنىڭ مەنىۋى ئىقتىسادىي تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. سوتسىيالىزم شارائىتىدا بانكا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىماتقا قارىتا ھېسابات قىلىش ھەققىدە ئۇنىڭ ئۈستىدىن نازارەت ئېلىپ بېرىشتىكى زۆرۈر بولغان تەييار ئورگاندىن ئىبارەت. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىدە بانكا پۇل بىلەن تىجارەت قىلىدىغان، كرېدىت كەسپىنى بېجىرىدىغان ئىقتىسادىي تەشكىلات ھەمدە پۇل مۇئامىلە سىياسىتى، باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ بوش تۇرۇپ قالغان تارقاق مەبلەغلەرنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق قەرز پۇل تارقىتىش، راسچوتنى تەشكىللەش، پۇل ئوبوروتىنى تەڭشەش، دۆلەت خەزىنىسىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش قاتارلىق كەسپىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، كرېدىت، ئۆسۈم قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭدىن پايدىلىنىپ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تەڭشەپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

**برونېۋىك قىسىملار** تانكا ۋە باشقا برونېۋىك ئاپتوموبىللارنى ئاساسىي قورال قىلغان قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ قىسىم تۈرى. ئادەتتە تانكا قىسىملىرى بىلەن برونېۋىك پىيادە قىسىم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قىسىم بىر قەدەر كۈچلۈك زەربىدارلىق كۈچىگە ئىگە بولۇپ، تېز سۈرئەتتە ھەركەتلىنەلەيدۇ ۋە يادرولۇق قوراللاردىن ھەمدە باشقا ئوت كۈچىدىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۈنۈمىگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا برونېۋىك

قىسىملار قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ مۇھىم زەربىدار كۈچى ھېسابلىنىدۇ. بىرلەشمە جەڭدە پىيادە قىسىملارغا قوشۇپ بېرىلىدۇ، شۇنداقلا باشقا ئارمىيە ۋە قىسىم تۈرلىرىنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىسىدا ئۇرۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدۇ.

**بور دەۋرى** گېئولوگىيىلىك يىلنامىدىكى مېزوزوي ئېراسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەۋرى. ياۋروپانىڭ غەربىي قىسمىدا بۇ دەۋرنىڭ يەر قاتلاملىرى ئاساسەن بور ياتقۇزاقلىرىدا تۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن قوبۇل قىلىنغان. بور دەۋرى بۇنىڭدىن 137 مىليون يىل ئىلگىرى باشلىنىپ 67 مىليون يىل ئىلگىرى ئاخىرلاشقان. دەسلەپكى ۋە كېيىنكى بور ئېپوخىسىغا بۆلۈنىدۇ. بۇ دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئورگانىزىم تۈرلىرى ئىچىدە غايەت چوڭ ئۆمىلىگۈچىلەر، ئۇستىخانلىق بېلىقلار ۋە يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئومۇرتقىسىز ھايۋانلاردىن تۆشۈكلۈكلەر گۈللەنگەن، ئاممونىتلار، بېلېمنىتلار كۆپىيىشتىن ھالاكەتكە قاراپ يۈزلەنگەن. بور دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر كۆپلەپ كېلىپ چىققان. بۇ دەۋردە شىزاڭ قاتارلىق ئاز ساندىكى جايلاردىن باشقا ئورۇنلار كۆپىنچە قۇرۇقلۇققا ئايلىنىدۇ. كۆل ۋە دەريا ئېقىنلىرى راۋاج تاپىدۇ. بور دەۋرىنىڭ ماگما پائالىيىتى مەملىكىتىمىزدە ئىنتايىن جانلانغان. بۇ مەزگىلدە ھاسىل بولغان يەر قاتلاملىرى «بور سىستېمىسى» دېيىلىدۇ، شەرتلىك بەلگىسى «K» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**بۇرج** قۇياشنىڭ يىللىق كۆرۈنمە ھەرىكەت يولى — ئېكلىپتىكا بويلاپ جايلاشقان 12 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ ئورتاق نامى. بۇرج گرېكچە «زودىئاك» دېيىلىپ «ھايۋانلار تۈركۈمى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى بۇرج تۈركۈملىرىنىڭ كۆپى ھايۋانلار نامى بىلەن ئاتالغان. م: ھۇت (بېلىق)، ھەمەل (قوزا)، سەۋر (ئۇي) جەۋزا (قوش كېزەك)، سەرتان (تىمساھ)، ئەسەد (شىر)، سۇنبۇلا (بۇغداي باشقى)، مىزان (تارازا)، ئەقرەب (چايان)، قەۋس (ئوقيا)، جەدى (ئوغلاق)، دەلۋ (سوغا)لاردىن ئىبارەت.



بۇرج تۈركۈملىرىنىڭ ھەربىرى مەلۇم بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن (ئاسترونومىيىلىك بەلگىلەرگە قاراڭ). ناھايىتى چىرايلىق ئىشلەنگەن بۇرج بەلگىلىرى كۆپرەك بىنالارنىڭ نەقىشلىرىگە ئوخشايدۇ ۋە يىلنىڭ ئايلىرىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى قۇياش ئېكلىپتىكا بويلاپ ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا بۇرج تۈركۈملىرىنىڭ ھەر بىرىدە بىر ئايدىن تۇرىدۇ.

**بېزەكلىك مىڭئۆيى** قوچۇ (ئىدىقۇت) خانلىقىنىڭ بۇددىزىم مەدەنىيىتىگە دائىر تېپىك، ئېسىل يادىكارلىقلار ساقلىنىپ قالغان بىر سەنئەت خەزىنىسى. ئۇ، تۇرپان شەھرىنىڭ شەرقىدە 45 ك م يىراقلىقتىكى مۇرتۇق غولىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان. «بېزەكلىك» ئۇيغۇرچە «بېزەلگەن»، «كۆركەم»، «چىرايلىق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تاملىرى ھەرخىل ئېسىل سۈرەتلەر بىلەن بېزەلگەن. ب . مىڭئۆي ئۆڭكۈرلىرى مۇرتۇق غولىدىكى سىغىز قاتلاملىق يارباغرىغا بىر - بىرىگە يانداش، زىچ قىلىپ ئويۇپ ياسالغان. ئومۇمى ئۇزۇنلۇقى 500 م دىن ئاشىدۇ. بېزەكلىكتىكى ھازىرغا قەدەر نومۇرلان-

شان 77 ئۆڭكۈر بار (بۇرۇن 65 ئۆڭكۈر بار
ئىدى، 1980 - يىلى ئاستىنقى قەۋەتنى رەتلەش
جەريانىدا يېڭىدىن 12 ئۆڭكۈر تېپىلدى)، بۇ-
نىڭ ئىچىدە تام سۈرەتلىرى بىر قەدەر ياخشى
ساقلانغان 40 نەچچە ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۇنىڭ-
دىكى ھەر خىل سۈرەتلەرنىڭ كۆلىمى 1200
ك م دىن ئاشىدۇ. دەسلەپكى تەتقىقات نەتى-
جىلىرىگە قارىغاندا ب. مىڭئۆيلىرى V ئە-
سىردە ياسىلىشقا باشلاپ XV ئەسىرگىچە
داۋام قىلغان. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە
بۇرۇنقى مانى دىنىغا ئائىت ئۆڭكۈرلەر ئۆزگەر-
تىپ ياسىلىپ، ئۇيغۇر خان جەمەتىنىڭ ئىبا-
دەتخانىسى قىلىنغان. VIII ئەسىرگە كەلگەن-
دە ئىدىقۇت ئۇيغۇرخانلىقىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى-
غا ئەگىشىپ، بۇمىڭئۆي ئىبادەتخانىسى ئاستا-
ئاستا پۇقرالارنىڭ ئادەتتىكى ئىبادەتخانىسى-
غا ئايلانغان. XV ئەسىردە ئىسلام
دىنىنىڭ تۇرپان رايونىغا ئومۇمىيۈزلۈك
تارقىلىشى بىلەن مىڭئۆي ئۆڭكۈرلىرى ۋەيران
بولغان.

ب. مىڭئۆيى تام سۈرەتلىرىنىڭ كۆپىنچى-
سىدە بۇددا دىنى رىۋايەتلىرى مەزمۇن قىلىن-
غان. بەزىلىرىدە (م: 38 - ئۆڭكۈردە) مانى
دىنىغا ئائىت تام سۈرىتى بار. ھازىر ساقلىنى-
ۋاتقان، تام سىزمىلىرى ئىچىدە بۇددا ۋە بو-
دىساتۋالارنىڭ خىلمۇ - خىل ئوبرازلىرى
ماتەم تۇتقۇچىلار ۋەتاپىنغۇچىلار سۈرەت-
لىرى، نەغمە - ناۋا قىلىۋاتقان، ئۇسسۇل ئوي-
ناۋاتقان كۆرۈنۈشلەر، «كارامەتلىك نىلۇپەر
سوترىسى» نىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ئاساسى
مەزمۇن قىلىنغان سۈرەتلەر نوۋانا ۋەمىگبۇت
ئاساسى مەزمۇن قىلىنغان تام سۈرەتلەر، بۇد-
دانىڭ ھاياتى ھەققىدىكى «يارالمىش قىسسە»
لىرىگە ئائىت سىزمىلار، ھەر خىل كىيىم -



كېچەك، ئېزەكلەر، رەڭدار خىلمۇ - خىل نەقىش گۈللەر ۋە باشقا سىزمىلار بار، سىزما سۈرەتلىرىنىڭ رەڭگى كۆركەم - چىرايلىق، ئوبرازلىرى جانلىق بولۇپ، بۇلارغا ئاق، قىزىل، كۆك، قارا، قوڭۇر، سېرىق، يېشىل، بىنەپشە قاتارلىق رەڭلەر ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى ئۆز زامانىسىدا بۇ مىڭئۆيلەرنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلغان چىرايلىق، ھەشەمەتلىك بۇت - ھەيكەللىرىگە ئالتۇن ھەل ئىشلىتىلگەن. بۇجايدا قەدىمكى قوچۇ ئۇيغۇر بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ نادىر نۇسخىلىرى ساقلانغان.

ئازادلىقتىن بۇرۇن ب. مىڭئۆيى ئىبادەتخانىلىرىدىكى قىسمەن تام سۈرەتلەر بىلەن ھەيكەللەرنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىنى ھەممە قەدىمكى ئۇيغۇرچە، سانسكرىتچە، خەنزۇچە نوم - پۈتۈكلەر، ھەرخىل ۋەسىقىلەرنى چەتئەللىك سەيياھلار ئېلىپ كەتكەن. 1980 - يىلى ب. مىڭئۆيىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىنى رەتلەش جەريانىدا بۇددا ۋە مانى دىنىغا ئائىت توخارچە، سوغدىچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، قەدىمكى خەنزۇچە يېزىلغان نوم پۈتۈكلەرنىڭ پارچىلىرى، ھەرخىل ۋەسىقىلەر تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ 565 - يىلى پۈتۈلگەن بىرپارچە خەنزۇچە ھۆججەت بىلەن بىللە تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانى دىنىغا ئائىت ھۆججەت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى يېڭى تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تولۇقلايدۇ. ب. مىڭئۆيلىرى قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى بولغانلىقى ئۈچۈن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىم - پەن خادىملىرىنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا ئايلاندى. 1982 - يىلى گوۋۇيۈەن بۇجاينى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتتى.

**بېيجىڭ شەھىرى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى. مەملىكەتنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، قاتناش ۋە پەن - مەدەنىيەت مەركىزى. ئۇ شىمالىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىنىڭ شىمال قىسمىغا جايلاشقان. بوخەي دېڭىزى بىلەن بولغان ئارىلىقى 150 كم كېلىدۇ. ئومۇمى مەيدانى 16٠800 ك ك م، ئاھالىسى توققۇز مىليون 230 مىڭ كىشى (1982)، 10 رايون توققۇز ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شەھەرنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن غەربىي قىسمى تاغ رايونلىرىدىن ئىبارەت. شەرقىي جەنۇبقا بارغانسېرى تەدرىجى پەسىيىپ تۈزلەڭلىككە ئايلىنىپ كېتىدۇ. تاغلار پۈتۈن شەھەر مەيدانىنىڭ 62%نى، تۈزلەڭلىكلەر 38% نى تەشكىل قىلىدۇ. غەربىدىكى تاغلار شىشەن تاغلىقى دەپ ئاتىلىپ تەيخاڭشەن تاغ تىزمىسىغا تەۋە. شىمالدا جۈندۇشەن تاغلىقى بولۇپ يەنشەن تاغ تىزمىسىغا تەۋە. تاغلارنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 1000 — 1500 م غىچە كېلىدۇ. تۈزلەڭلىكلەر بىلەن تۇتاشقان قىسمىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 200 - 500 م غىچە بولغان ئېدىرلىقلاردىن ئىبارەت. شەرقىي جەنۇبى قىسمىدىكى تۈزلەڭلىكلەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 50 م ئەتراپىدا. شەھەردە يۇڭدىڭخې، چاۋ بەيخې، بېييۈنخې، جۈماخې، گۇخېلاردىن ئىبارەت بەش دەريا بولۇپ، خەيخې دەريا سۇ سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

بېيجىڭ تىپىك يىللىق موتىدىل بەلباغ يېرىم نەم كونتىنېنتال موسسۇنلۇق ئىقلىمغا كىرىدۇ. ياز ئىسسىق، كۆپ يېغىنلىق، قىش قۇرغاق سوغۇق، ئەتىياز، كۈز قىسقىراق كېلىدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 10 - $12C^0$، يانۋارنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 4 - $7C^0$، ئىيولنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 25 - $26C^0$، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى 600 م م، تاغ ئالدىدىكى شامالغا قاراپ تۇرغان باغرىلىرىدا 700 مم غايىتىپ بارىدۇ. ھۆل يېغىنىنىڭ 75%تى ئىيۇلغا مەركەزلەشكەن. ئەتىيازلىقى يېغىن ئاز، قۇرغاق، ياز ھۆلچىلىك بولىدۇ. ئازادلىقتىن بۇيان شەھەردە مېيۋىك، شىشەنىڭ قاتارلىق 10دىن ئارتۇق چوڭ-

ئوتتۇرا تېپتىكى سۇ ئامبارلىرى ۋە يۇڭدىڭخې دەرياسىدىن سۇ باشلاش ئۆستىڭى قاتارلىق قۇرۇلۇشلار ياسىلىپ، دېھقانچىلىق ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچ رايونغا بۆلۈنگەن. شەھەرگە يېقىن بولغان تۈزلەڭلىكلەردە كۆكتات تېرىش ئاساس قىلىنىپ، شەھەرنى كۆكتات بىلەن تەمىنلەيدۇ. شەھەردىن يىراق بولغان تۈزلەڭلىكلەرگە ئاشلىق، كېۋەز تېرىلىدۇ. كەڭ تاغلىق رايونلاردا ئورمانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ ئاساس قىلىنىش بىلەن مۆتىدىل بەلباغ مېۋە يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئۆي قۇشلىرى بېقىش ئومۇملاشقان. بۇ يەردىن چىقىدىغان «بېيجىڭ ئۆردىكى» داڭلىق.

شەھەرنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق رايونلاردىن كۆمۈر، مەرمەر، هاك، گرانىت قاتارلىق قېزىلمىلار چىقىدۇ. جىڭشى كۆمۈر كانى مەملىكىتىمىز بويىچە مۇھىم ئىسسىز كۆمۈر كانلىرىدىن بىرى. شىمال قىسمىدىكى تاغلاردا مېتال رۇدىلىرى بولۇپمۇ تۆمۈر، مىس كۆپرەك. ئازادلىقتىن بۇرۇن بېيجىڭ تىپىك ئىستېمال شەھىرى ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن سانائەت ئىشلىرى تېز راۋاجلىنىپ مېتاللۇرگىيە، كۆمۈر، ئېلېكتر، ماشىنىسازلىق، خىمىيە سانائىتى، ئېلېكترون ئۆلچەش ئەسۋاپلىرى، يېنىك سانائەت، مەتبەئەچىلىك، توقۇمىچىلىق، يېمەكلىكلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلغان يېڭى سانائەت شەھىرىگە ئايلاندى.

بېيجىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ تۆمۈريول، هاۋا قاتناش مەركىزى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى تۆمۈريوللارنىڭ تۈگۈنى بولغان شەھەر. بېيجىڭ - خاربىن، بېيجىڭ - تۇڭلياۋ، بېيجىڭ - توزنتو، بېيجىڭ - باۋتۇ، پېڭتەي - شاجىڭ، بېيجىڭ - تەييۈەن، بېيجىڭ - گۇاڭجۇ تۆمۈر يول غول لىنىيىلىرى مۇشۇ يەردە ئۇچرىشىدۇ. بېيجىڭ مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئۇلاپ توشۇش پونكىتى. بېيجىڭ پويىز ئىستانسىسى مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ۋاكزال بولۇپ، ئۆي - ئىمارەتلىرى نەپىس بولغانلىقى ئۈچۈن «خرۇستال ساراي» دەپ نام ئالغان. مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى يەر ئاستى تۆمۈر يولى 1969 - يىلى بېيجىڭدە ياسالغان. پايتەخت ئايرودرومى مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ زامانىۋى ئايرودرومدۇر. مەملىكەت ئىچىدىكى هاۋايولى يۈزگە يېتىدۇ. خەلقئارادا ئاسىيا، ئافرىكا، ئامېرىكا، ياۋروپالار بىلەن قاتناش لىنىيىلىرى بار.

بېيجىڭ مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ مەدەنىيەت مەركىزى. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىنستىتۇتلىرى ۋە باشقا ئىنستىتۇتلار نەچچە ئونغا يېتىدۇ. بىر قانچە ئون ئۇنىۋېرسىتېتلار بار. بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى مەملىكىتىمىز بويىچە كىتاب ئەڭ كۆپ ساقلانغان كۇتۇپخانا.

بېيجىڭ مەشھۇر تارىخىي شەھەر ۋە قەدىمىي پايتەخت. ئۇ 3000 يىل بۇرۇن يەن بەگلىكىنىڭ مەركىزى ئىدى. چىن، يۈەن، مىڭ، چىڭ خاندانلىقلىرى دەۋرىدىمۇ پايتەخت بولغان. 1949 - يىلى بىرىنچى ئۆكتەبىر جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، بېيجىڭنى پايتەخت قىلغاندىن كېيىن، بېيجىڭنىڭ قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىشلەر بولدى. كېڭەيتىپ قۇرۇلغان شەھەر مەركىزىدىكى تيەنئەنمېن مەيدانى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ مەيدان. مەيداننىڭ غەربىي قانىتىدىكى خەلق چوڭ سارىيى مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ يىغىن زالى بولۇپ، ئۇنىڭغا 10 مىڭ كىشى سىغىدۇ. مەيداننىڭ شەرقىي قانىتىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابىي تارىخىي مۇزېيى خەلق چوڭ سارىيى بىلەن ئۇدۇل قارىشىپ تۇرىدۇ. مەيداننىڭ شىمال تەرىپىدىكى گۇگۇڭ مەشھۇر خان سارايلىرىدۇر. شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىغا يىخېيۈەن باغچىسى جايلاشقان. غەربىي تەرىپىدە هايۋاناتلار

باغچىسى بولۇپ، ھەريىلى تەخمىنەن سەككىز مىليون كىشى ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ. جۇڭگو، بادالىڭلاردىن ئىگىز ۋە پۇختا ياسالغان سەددىچىن سېپىلى ئۆتىدۇ، ئۇ بېيجىڭدىكى ئەڭ چوڭ مەنزىرىلىك سەيرگاھلارنىڭ بىرى.

**بىرلىكلەر سىستېمىسى** تاللاپ ئېلىنغان ئاساسىي بىرلىكلەر ۋە ئۇلاردىن ھاسىل قىلىنغان بىرلىكلەردىن تۈزۈلگەن بىر قاتار ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ توپلىمى. ئۇزۇنلۇق، ماسسا ۋە ۋاقىتلارنىڭ بىرلىكىنى ئاساسىي بىرلىك قىلغان سىستېما «مۇتلەق بىرلىك سىستېمىسى» دېيىلىدۇ.م: ئىلىم - پەندە كۆپ قوللىنىلىدىغان «سانتىمېتىر، گرام، سېكۇنت سىستېمىسى» (cgs سىستېمىسى)، ئاساسىي بىرلىك سانتىمېتىر، گرام، سېكۇنت ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل قىلىنغان بىرلىكلەرم: دىنا، ئېرگ قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ؛ «مېتىر، كىلوگرام، سېكۇنت سىستېمىسى» (mks سىستېمىسى) ئاساسىي بىرلىك مېتىر، كىلوگرام، سېكۇنت ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل قىلىنغان بىرلىكلەرم؛ نيۇتون، جوئۇل قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ؛ يەنە مېتىر، توننا، سېكۇنتنى ئاساسىي بىرلىك قىلغان «مېتىر، توننا، سېكۇنت سىستېمىسى» بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇتلەق بىرلىكلەر سىستېمىسى بولىدۇ. يۇقىرىقىلار مېخانىكىدا ئىشلىتىلىدىغان بىرلىكلەر سىستېمىلىرى. ئۇلارغا ھەر بىر ئىلىم ساھەسىدىكى ئاساسىي مىقدارلارنىڭ ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق شۇ ئىلىم ساھەسىدە ئىشلىنىدىغان بىرلىكلەر سىستېمىلىرى ھاسىل قىلىنىدۇ. («خەلقارا ئۆلچەم بىرلىكلىرى سىستېمىسى»غا قارالسۇن).